د/ ئائىز ئەلقارني

# مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچى

تەرجىمىدە: ئىلمزات . ئ

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب مۇۋەپپەقىيەتچىلەرنىڭ يوللىرى .......................... 5

ئىككىنچى باب ئۇپۇقتا يېتىدىغان ھىممەت ................................ 30

ئۈچىنچى باب ئۆزىڭىزنى تونۇڭ ........................................ 55

تۆتىنچى باب مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ سۈپەتلىرى ....... 60

بەشىنچى باب نەتىجىلىك ئالىمنىڭ ئالامەتلىرى ........................ 62

ئالتىنچى باب ئاللاھقا چاقىرغۇچى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ............... 64

يەتتىنچى باب ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇپتىنىڭ بەلگىلىرى ۋە ئەخلاقى .... 66

# مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ-سانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت-سالاملار بولسۇن ....

مەن <مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچى> ناملىق بۇ كىتابنى دۇنيا-ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق-مۇۋەپپەقىيەتنى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولىدىغان پەزىلەت-مەرتىۋە ۋە رازىلىقنى كۆزلەيدىغان، ئائىلە، ئەھلى-باللىرىغا سۆيۈملۈك، جەمئىيەت ۋە ھاياتىغا مەسئۇلىيەتچان، ھىممىتى تاغدەك، مۇستەھكەم ئىرادە ئىگىلىرىگە ئاتاپ يازدىم.

ئەي، ھىممەت-ئىرادە ئىگىلىرى! ئەي، كۆرەش باللىرى! كۆككە باق، بۈيۈكلۈككە يۈزلەن، ئىككىلىنىشنى تاشلا، ھورۇنلۇقتىن يىراق تۇر، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئىجادىيەت شوتىسىغا چىق، كامالەت يوللىرىدا داۋام ئىزدەن، داۋام ئىزدەن، ۋە چىن قەلبىڭدىن نىدا قىلغىنىڭكى «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يىنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار،

**ئىختىيــاري ۋە ئىختىيارســىز بولــۇڭلار، ھەمــمە ئەھۋالــدا) جىھادقــا چىقىڭلار».**

**ئــاللاھ تائالانىــڭ گــۈزەل ئىســـم ســۈپەتلىرى بىــلەن شــۇنى سـورايمەنكى، يــا رابــبىم بىزنــى، بــارچىمىزنى مــۇۋەپپەقىيەت قازانغــان، نىجاتلىققــا ئېرىشــكەنلەر قاتارىــدىن قىلغىــن. ئــۆزۈڭ رازى بولــۇپ، ئىنئــام قىلغــان پەيغەمــبەرلەر، ســىددىقلار، شــېھىدلەر ۋە ســالىھلار بىــلەن بىــرگە بولۇشقا نېسىپ قىلغىن!**

**ئامىن! ئامىن! ئامىن!**

## د/ ئائىز ئەلقارنى

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

## بىرىنچى باب

## مۇۋەپپەقىيەتچىلەرنىڭ يوللىرى

- ❖ ئەمەللەر نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ياخشىلىقنى نىيەت قىلىڭ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يامانلىقلاردىن قول يىغىڭ.

- ❖ قىيىنچىلىقلاردىن باش تارتماڭ، چۈنكى ئۇ ئەر كىشىنى تاۋلاپ، ئەقلىنى چاقنىتىپ، ھىممەتنى ئۇيغىتىدۇ.

- ❖ ئەمەل ۋە تىرىشچانلىق شان-شەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ بۈيۈك يول. ئۇ يارىغا شىپالىق مەلھەم، كېسەلگە داۋا، بەلكى ئۇ سىزنىڭ كان بايلىقىڭىزدۇر.

- ❖ ھەرقانداق كىشىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا باغلىق. بىكارتەلەت كىشى نۆلگە تەڭ، ئۈمىدسىز كىشى ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق، مەغلۇپ بولۇشقا رازى بولۇپ ئولتۇرغۇچى قىممەتسىز.

- دىققىتىڭىزنى مەلۇم بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈڭ. ئۇنىڭ ئۈتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىڭ. يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇڭ.

- ئەڭ مۇھىمى بىلەن باشلاپ، ئاندىن مۇھىمىغا ئۆتمەك كېرەك. چېچىلاڭغۇلۇق ۋە كۈچنى بىرقانچە ئىشقا بىرلا ۋاقىتتا بۆلۈۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، چۈنكى ئۇ تەدبىرسىزلىك ۋە ئاجىزلىق.

- قۇرۇلما (تۈزۈلمە) نىجاتلىق يولىدۇر. ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئورنىدا قويۇش نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەر ئۈچۈن ئاساسى تەلەپ. ئەمما تەرتىپسىزلىك يامان كۆرۈلىدىغان سۈپەتتۇر.
- مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ بايلىق ۋە مال-ماتالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئىسراپ قىلمايدۇ ۋە بۇزۇپ چاچمايدۇ.

- ئەتىر سېپىلمىسە خۇش پۇرىقى تارقىمايدۇ، ياغاچمۇ كۆيمىسە ئىسسىقى چىقمايدۇ. شۇنىڭدەك سىزگە كەلگەن قىيىنچىلىقلارمۇ بىر مەنىدىن ياخشىلىق ۋە نىئمەتتۇر.

- نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىنىڭ ئەقلىگە ھاۋايى-ھەۋىسى غالىپ كېلىپ، سەبرىنى ئاجىزلىتالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىنى ھەرخىل قۇتراتقۇلۇقلار ھەم يېنىك سانىيالمايدۇ ۋە ئۆز ئورنىدا ئىشلىشىدىن مەشغۇل قىلالمايدۇ.

- تەشۋىش ۋە زېرىكىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى تەشۋىش ھەقىقەتكە ئېلىپ بارمايدۇ، زېرىكىش ھۆرمەتكە رىئايە قىلمايدۇ. سەبىر ۋە چىدامچانلىقنى لازىم تۇتۇڭ.

- مۇستەھكەم تۇرغان كۆكلەيدۇ، تىرىشقان ئېرىشىدۇ، تەرگەن ھوسۇل ئالىدۇ، سەبىر قىلغان زەپەر قۇچىدۇ، بەرداشلىق بەرگەن غەلىبە قىلىدۇ.

- چۈمۈلە چېغىدا بىر يەرگە چىقىشتا مىڭ قېتىم چۈشۈپ كەتسە مىڭ قېتىم تەكرار چىقىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ئۆز خىزمىتى ئۈچۈن تەكرار قاترايدۇ. بۆرە ئۆز يېمەكلىكى ئۈچۈن ئاراملىرىنى تاشلايدۇ.

- قىلىچ ئىتتىگىنچە كېسىدۇ، چاقماق چاققىنىدا يورۇيدۇ، گۆھەر مەخپىي بولغانچە قىممىتى ئۆسىدۇ، سۇ ئاققىنىچە مەنپەئەت بېرىدۇ.

- ھورۇن كىشى تاشلاندۇقتۇر، تىڭىرقىغۇچى ئۇيقۇدا، بىكارچى ئۆزىنى تاشلىۋەتكۈچى، قۇرۇق ئارزۇ ئېگىسى ۋەيراندۇر.

- باشلىنىشىدا ئىچى يانمىغان كىشىنىڭ ئاخىرىدا پارلىشى بولمايدۇ. ياشلىقىدا تىرىشقان كىشى، ياش چوڭايغاندا ئالىيجاناپ بولىدۇ.

- قۇرئان كەرىمدىكى: «ئالدىراڭلار»، «ئالدىدا مېڭىڭلار»، «تىرىشىڭلار»، «زىيادە چىداملىق بولۇڭلار»، «جىھاتتا تەييار تۇرۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقلارنى ئەسلەڭ.

- ھەدىستىكى: <ساڭا مەنپەئەتتە بولغان ئىشقا قىززىققىن>، <ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار>، <كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىگە يەتمەيدىغان ئىككى نىئمەت: ساقلىق ۋە بىكار ۋاقىتتۇر> دېگەن بايانلارنى ئەسلەڭ.

- ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، غاردىكى ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى، ئاللاھ يولىدا بارلىق مېلىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن، سەككىز جەننەت ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدىغان كىشى، ئاللاھنىڭ دىنىدىن يېنىۋالغانلارغا ئۇرۇش ئاچقان زات.

- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ئۇنىڭدىن شەيتان قاچىدۇ. بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ پىكرى ۋەھىيگە مۇۋاپىق كەلگەن.
- ئوسمان ئىبنى ئەففان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، تەبۇك غازىتى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ تەييارلىغان، رومەنىڭ قۇدۇقىنى ۋەخپە قىلىۋەتكەن، بىر رەكئەتتە قۇرئان تاماملىغان زات.

- ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، بەدرىدە مۇبارىزىگە چۈشكەن، خەيبەر سېپىللىرىنى ئېچىپ ئازات قىلغان،

مەرھەب نى ئۆلتۈرگەن ۋە خەندەك كۈنسى ئەمر ئىبنى ۋەد نى بوغۇزلىۋەتكەن.

❖ خالىد ئىبنى ۋەلىد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، يۈزلىگەن جەڭلەرگە چۈككەن، يەرمۇك كۈنى ئۆز قولى بىلەن بەش ماڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن، توققۇز قىلىچنى سۇندۇرغان.

❖ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، جىسمىنىڭ ھەممە بۆلىكى جاراھەتلەنگەن، رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ ئالدىدا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ قوغدىغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھى (قوغدىغۇچىسى) بولغان.

❖ تەلھە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، بەدىنىگە نۇرغۇن قىلىچ يىگەن، ھەتتا قولى چولاق بولۇپ قالغان. ھەنزەلە جۇنۇب ھالىتىدە شېھىت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى مالائىكىلەر يۇغان. ئاللاھنىڭ ئەرشى سەئدنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تىترەپ كەتكەن.

❖ جابىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، سەكسەندىن كۆپ يېرىگە نەيزە، قىلىچ ئۇرۇلغان، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھېچ تەرجىمانسىز گەپ قىلغان.

❖ ئۇبەي ئىبنى كەئب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، قۇرئاننى تولۇق يادلىغان ۋە ناھايىتى پۇختا تونۇلغان، ئاللاھ ئۇنى مەلەئىل

ئەئىلادا تىلغان ئالغان، ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەسۇلىنى ئۇنىڭغا سۈرە «بەيىينە» نى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىغان.

- ❖ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، نامرات-پېقىرلەرگە مىڭ تۆگىنى سەدىقە قىلىشۇەتكەن. ئەبۇ تەلھە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىشۇەتكەن.

- ❖ ئەبۇ ھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، كۆپىنچە ھەدىسنى يادلىۋالغان. ئۇ كېچىسىنى ئۈچكە تەقسىم قىلاتتى: نامازغا، مۇزاكىرىگە، ئۇيقۇغا.

- ❖ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ھەدىس تەلەپ قىلىپ ئوتتۇز مىڭ مىل ماڭغان، مىليۇنغا يېقىن ئەسەر (ھەدىس ياكى ساھابە رىۋايەتلىرى) نى يادلىغان، ئۆزىنىڭ <مۇسنەد> دېگەن كىتابىغا قىرىق مىڭنى قويغان.

- ❖ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ بىر ھەدىس ئۈچۈن مىسىرغا سەپەر قىلىپ بىر ئاي يول يۈرگەن. ئىبنى مۇسەييىب بولسا بىر مەسىلە ئۈچۈن ئۈچ كۈن سەپەر قىلغان.

- ❖ ئىبنى ھىببان ئىككى مىڭ شەيختىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ <سەھىھ ئىبنى ھىببان> دېگەن كىتابىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنداقلا ھەرخىل پەنلەرنىڭ ئىلىم دېڭىزىغا چۆكۈپ، زامانىسىدىكى يۇلتۇزغا ئايلانغان.

- **مەزنى شافىئىي رىسالىسىنى بەش يۈز قېتىم تەكرارلىغان. ئەندەلۇسلۇق ئالىم سەھنۇل بۇخارىنى يەتتە يۈز قېتىم تەكرارلىغان.**

- **ئەبۇ ئىسھاق شىرازى ئۆزىنىڭ دەرسىنى يۈز قېتىم قايتىلىغان، ھەر قىياسنى مىڭ قېتىم قايتىلىغان، يۈز توم كىتاب يازغان.**

- **ئىبنى ئەقىيل پەنلەرنى سەككىز يۈز مۇجەللەت قىلىپ يازغان، ئەللىك ئايەتنىڭ قىرائىتىنى تولۇق قىلىش ئۈچۈن ناندىن بىر پارچە يەيتى.**

- **ئىبنى جەرىير يۈز مىڭ سەفھە كىتاب يازغان، ئىبنى جەۋزى مىڭ كىتاب يازغان، ئىبنۇل ئەنبارى تۆت يۈز تەپسىرنى يادلىغان.**

- **ئەتا ئىبنى ئەبى راباھ ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن 30يىل مەسجىتتە يېتىپ-قوپقان. ئەئىمەش ئاتمىش يىل تەكبىر ئىھرام (ناماز باشلاش تەكبىرى) نى ئۆتكۈزىۋەتمىگەن.**

- **ئىمام نەۋەۋىي ئەسلىتىدۇكى: كەرز ئىبنى ۋەبرە قۇرئاننى كېچىدە تۆت قېتىم، كۈندۈزدە تۆت قېتىم خەتمە قىلاتتى. ئىبنى ئىدرىس قۇرئاننى ئۆز ئۆيىدە تۆت مىڭ قېتىم خەتمە قىلغان. ئىمام شافىي رامزاندا قۇرئاننى ئاتمىش قېتىم، ئىمام بۇخارى ئوتتۇز قېتىم**

**خەتمە قىلاتتى. ئىمام ئەھمەد بىر كۈندە ئۈچ يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇيتى.**

- **ئەبۇ ھۇرەيرە 12 مىڭ قېتىم، خالىد ئىبنى مەرۋان يۈز مىڭ قېتىم تەسبىھ ئېيتاتتى.**

- **ۋە بىز «قل هو الله أحد» نى كۈندە مىڭ قېتىم ئوقۇيدىغان كىشىلەر بىلەن، قۇرئاننى كۈندە بىر تامام قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن، بىر كۈندە 15 مىڭ قېتىم تەسبىھ ئېيتىدىغان كىشىلەر بىلەن ئەسىرداش بولدۇق.**

- **ئىمام سۇيۇتى 30 ياش ۋاقتىدا ئەرەپ تىلى گىراماتىكا ساھەسىدىكى بۈيۈك بىر كىتابنى يازغان. ئىمام نەۋەۋىي 40 يېشىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، زور ھەجىمدىكى ئىلمىي بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.**

- **تەرەفەتۇ ئىبنى ئەبدى مۇئەللەقات ساھىبلىرىدىن بولۇپ، 26 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن. مۇھەممەد ئىبنى قاسىم 17 يېشىدا ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلغان.**

- **ئىمام ھەسەن (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، بەش ياش ۋاقتىدىلا بوۋىسى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) دىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەھمۇد ئىبنى رەبىئە رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ**

ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ تۆكرۈكنى يۈزگە سۈركىگىنىدە بەش ياشتا ئىدى.

- ئىبنى ئاببas (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، سەككىز يېشىدا ھەددىس يادلىغان. ئىمام ئىبنى تەيمىيە 18 ياش ۋاقتىدا پەتىۋا بەرگىدەك بولۇپ، پەتىۋا بېرەتتى.

- ئىبنى ھەجەر <فەتھۇل بارى> ۋە <مۇقەددىمە> سىنى 32 يىلدا يازغان. ئەبى ئەبىيەد نىڭ <كىتابۇل غەرائىب> 40 يىلدا، ئەسفاھانى نىڭ <كىتابۇل ئەغانىي> 50 يىلدا يېزىلغان.

- مەرد ۋەزىر جەئفەر ئەلبەرمەكىي 37 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن. راشىد، زاھىد خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز 40 يېشىدا، ئىبنى مەقفەئى 37 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

- مەسرۇق ھەج قىلىپ، ئۇخلىسىمۇ سەجدە قىلغان ھالەتتە ئىدى. ئەسۋەد ئىبنى يەزىد جىسمى كۆكۈرۈپ كەتكىچە روزا تۇتقان.
- يەزىد ئىبنى ھارۇن كۆزى ئەما بولۇپ قالغۇچە يىغلىغان. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى پۇتلىرى يېرىلىپ كەتكۈچە ماڭغان.

- ئىمام بۇخارىي ئېيتىدۇ: بالاغەتكە يەتكىنىمدىن باشلاپ بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىدىم. ئىمام شافئىي ئېيتىدۇ: راستىقمۇ، يالغانغىمۇ ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ باقمىدىم.

- تىجەشلىك كىشى كەمبەغەل بولمايدۇ، تىرىشقان كىشى ۋەيران بولمايدۇ. ياشلىقىدا فەقەت (توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان) كىشىنىڭ پېشىنى ئالىيجاناپلىق قويۇپ بەرمەيدۇ.

- توختام سۇ ھامان سېسىيدۇ. ھەپسىگە ئىلىنغان بۇلبۇل ئۆلىدۇ. باغلانغان يولۋاس خاردۇر.

- ئەڭ لەززەتلىك تامام ئاچلىقتىن كېيىنكىسى، ئەڭ تاتلىق سۇ چاڭقاشتىن كېيىنكىسى، ئەڭ راھەتلىك ئۇيقا چارچىغاندىن كېيىنكىسى، ئەڭ گۈزەل نىجاتلىق قۇربانلىق بەرگەندىن كېيىنكىسىدۇر.

- كىتابلار ھېكمەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ سۇنۇپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇ ھېكمەت ئىگىلىرىنى چىقىرىپ بېرەلمەيدۇ. قىلىچ چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئەمما بىلەكتىكى كۈچ-شىجائەت بىلەن.

- سۇ ئۈزۈشمۇ دەپتەردە ئەمەس، بەلكى سۇ ئىچىدە ئۆگىنىلىدۇ. تەنھەرىكەتمۇ ئىكراندىن ئەمەس، بەلكى مەيداندا ئۆگىنىلىدۇ.

- دۇنيا غالىپلىق بىلەن، ياخشى بازار تالىشىش بىلەن تۇتىلىدۇ. ھايات بىر كۆرەشتۇر. ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبە تەۋرەنمەس ئىرادىلەرگە مايىل.

- قانداق بىر كىشىدە يېنىپ تۇرغان ھېممەت، ئۇرغۇپ تۇرغان جانلىق قەلب، دولقۇن كەبى ئاكتىپلىق ۋە دائىملىق سەبىر بولىدىكەن مانا ئۇ ئەڭ ئالاھىدە ۋە بىردىنبىردۇر.

- ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىيغا: نېمە سەۋەب ئۇخلىمايسەن؟ دېيىلگىنىدە، ئۇ: قاتتىق ھېممەت، سۇلماس ئىرادە ۋە زۇلۇمنى قوبۇل كۆرمەس قەلب سەۋەب دەپ جاۋاب بەرگەن.

- ئات سۈرئەتلىك، ئېسىل بولدى، ئۇنىڭغا خوجايىن مىندى. كالۋا ئېشەك خىزمەتچى قۇلغا قالدى. يولۋاس ۋەھشىلەشتى، ئورمانغا پادىشاھ بولدى.

- قېلىچ سۇغۇرۇلمىغىنىچە ھەيۋە قىلالمايدۇ، چاقماق چاقمىغىنىچە قورقۇتالمايدۇ، شۇنىڭدەك كەلكۈنمۇ ھەددىدىن ئاشمىسا ھېچكىم قاچمايدۇ.

- ئېدىسۇن توك تەتقىقاتىنى ئون مىڭلارچە قېتىم تەجرىبە قىلدى ۋە ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. ئەمما داۋاملاشتۇردى ۋە غەلبە قىلدى.
- ئېيىنشتىن پۈتۈن ئۆمرىنى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ھەققىدە ئۆتكۈزدى.

- ئىبنى جەۋزى ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ قەلەم قالدۇقلىرى توپلىنىپ، ئوت يېقىلىپ، شۇ قەلەملەردە ئىسسىغان سۇدا يۇيۇلغان.

- ❖ سالاھىددىن نىڭ سەللىسىدىكى توپىلار توپلىنىپ، بىر كىسەك قىلىنىپ، قەبرىدە ئۇنىڭ بېشى ئاستىغا قويۇلغان.

- ❖ «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ @ ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ) @ ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ» [سۈرە نەجم].

- ❖ «بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» [سۈرە تەۋبە].

- ❖ ئەقىللىق ئىنسان ھاۋايى-ھەۋىسىنى خار قىلىپ باقىيلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان كىشىدۇر. ئاجىز ئىنسان نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋىسىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئاللاھتىن ئامانلىق ئۈمىد قىلىدىغان كىشىدۇر.

- ❖ گۈزەل بىلەك ئىشچىنىڭ بىلىكى. چىرايلىق باش ساتىراچىنىڭ بېشى. ئەڭ شېرىن مۆگىدەك مۇجتەھىدنىڭ مۆگدىشى. ئەڭ پاك قان شەھىدنىڭ قېنىدۇر.

- نەپسىگە قەھر قىلىپ باشقۇرالىغان كىشى، بىر شەھەرنى ئازاد قىلغاندىن ئۇلۇغراق. ھاۋايى-ھەۋەسگە قارشى سەپ تارتالىغان كىشى بىر قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقاندىنمۇ بۈيۈكتۇر.

- ئەبۇ تەلھە ئەنسارى قىرىق يىل داۋاملاشتۇرۇپ روزا تۇتقان. ئىبنى مۇسەييەب ئاتمىش قېتىم ھەج قىلغان. ئىمام ئەھمەد ئاتمىش مىڭ مەسىلىگە دەلىل بىلەن پەتىۋا بەرگەن.
- ئەبۇ شۇجائە مەملۇكلارغا 60 يىل خىزمەت قىلغان، ۋە ئۇنىڭ كاپپارىتى دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدىدە 60 يىل خىزمەتتە بولغان.

- پۈتى زەي زىمىندا بولسىمۇ، ھېممىتى بۈيۈك سۈرەييا(ئۈكەر يۇلتۇز) غا تاقاشقان كىشى بولغىن.

- سۇغارغىچە خارلىق بىلەن ئابى ھايات سۈيىدە .... مەيلى سۇغار ھەنزەلە(كاۋا تۆرىدىكى ئاچچىق نەرسە) بىلەن ئىززەت ئىچىدە.

- ئىبنى خەلدۇن ھەممىدىن ئۆزىنى تارتىپ قەلئەدە ئۆزىنىڭ <تارىخ ئىبنى خەلدۇن> دېگەن كىتابىنى يازغان، تەھرىرلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى پۇختا بولغان، ھەتتاكى ئۇ سورىغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئاجايىبات بولۇپ قالغان.

- ❖ ھافىز ئىبنى ئەساكىر دەمەشىق تارىخىنى 60 يىلدا يازغان. نە بىر ئالىم، نە ئەدىب، نە شائىر، نە جاھان كەزدى ۋە نە بىر كەلگۈندىنىمۇ قويماي ھەممىنى خاتىرىلىگەن.

- ❖ تەلەپ قىلىشنىڭ ئەمەسى، تەلىپىڭدىن ھېچ ئارامسىز بولما، چۈنكى بىئارامىلىق (زېرىكىشلىك) تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئاپىتىدۇر. ئارغامچىغا قارىماسىڭىز، ئۈزۈن بولماقلىقى بىلەن قاتتىق تاشقا ئەۋلادۇر.

- ❖ دۇنيا كىشىسى، بىردىنبىر دۇنيا كىشىسى دۇنيالىقتا باشقا بىرسىگە موھتاجلىقتا قالمايدىغان كىشىدۇر.

- ❖ ئىمام ئىبنى تەيمىيەگە بىرەر مەسىلە قىيىن كېلىپ قالسا، ئاللاھقا مىڭ قېتىپ ئىستىغفار ئېيتاتتى. خەتىب باغدادىنىڭ شاگىرتلىرى-سەپەردە ئۈنىڭغا: بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بەرسىلە-دېگەندە ئۇ: قۇرئان بىلەن باشلايلى-دېگەن. قۇرئاننىڭ ھەممىنى تۈگىتىپ بولغاندا ئاندىن ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن.

- ❖ ئەبى تاھىر سەلەفىي گە: بۇ ئىلىم ساڭا نەدىن كەلدى-دېيىلگىنىدە، ئۇ: ئۆيۈمدە كىتابلار بىلەن 70 يىل ئولتۇرۇشىمدىن كەلدى- دېگەن.

- ❖ نەپىس ئىسلاھ بولالماس، ئىدارىچى بولغان زامانچە ... ئەمما بولۇر، بىرھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆتكۈنچە.

❖ مېڭىپ بېرىشنى، ھەرىكەتنى ۋە پاكىزلىقنى لازىم تۇت، چۈنكى نىجاتلىقتا ئىرىشكۈچىلەر كۈچلۈك ۋە ساغلامدۇر. (روھى كۆپ نىسبەتتە)

❖ ئاللاھ سەھەرچى ئۈممەتكە بەرىكەت بەرسۇن، بىر ئىشنى مەقسەت قىلساڭ سەھەر تۇر! چۈنكى ئۇ، ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ شاتلىقىدۇر.

❖ توختاپ قالما، چۈنكى پەرىشتىلەر يېزىۋاتىدۇ، ئۆمۈر كېمىيىۋاتىدۇ، ئۆلۈم ھامان كېلىۋاتىدۇ. ھەرقانداق جان چىقىدۇ، ھەرگىز قايتمايدۇ.

❖ قانداق بىر كىشى <تىز پۇرسەتتە، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن> نى تېرىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن <كاشكى> ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنى <بەلكىم> بىلەن چوڭ قىلسا، <قۇرۇق ئۈمىد، ھەي ئىسىت> نى مېۋە بېرىدۇ. ئۇنىڭدا نادامەتنىڭ تەمى ۋە ھەسرەتنىڭ شىرىنسى بولىدۇ.

❖ تاڭ ئاتقۇزغان بولساڭ كەچ كىرىشنى كۈتمە، پۇرسەتكە ئالدىرا، كۈتۈلمىگەن ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلە، كېچىكتۈرۈش ۋە تەرەددۇتلۇقتىن ئېھتىيات قىل، بىر ئىشقا نىيەت قىلساڭ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىل.

❖ يېڭىلىق يارىتىش، سىنىڭ ئۆز خاسلىقىڭدا، تالانتىڭغا مۇناسىپ ئىشتا ئەڭ ياخشى قىلىشىڭدۇر. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى بىلىدۇ، «ھەر (ئۈممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى(قىبلىسى) بار».

- پەسكەشلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى، مۇۋەپپەقىيەتچىلەرگە زىيان سالالمايدۇ. چۈنكى نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت دىگەن ئۈستۈن ۋە بۈيۈكتۇر. خۇددى ئەبۇ تەمام ئېيتقىنىدەك: ئەگەر ئاللاھ بىر پەزىلەتنى تارقىتىشنى ئىرادە قىلسا، ھەسەتخور تىللارنىمۇ ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە تەييار قىلىپ قويىدۇ.

- زالىمنى تەنقىتلەش نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىنىڭ قۇۋۋىتى، ھەقسىز ئېلان-تەشۋىقاتى ۋە نىجاتلىقنىڭ پەزىلىتىنى كۆتۈرۈشتۇر.

  گەر كەلسە ئەيىبىم ساڭا پەسكەشلەردىن،
  گۇۋاھلىقتۇر بىلگىنكى ئۇ كامىللىقىمدىن.

- نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار) شۇنداق ھەقىقەت پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئورۇنلايدۇكى، ئۇنىڭدىن خىيال ئاجىز كېلىپ، كاتتا <ئەركەكلەر> ھەيرەتتە قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كاتتا، بۈيۈكلىكى بىلەن تەئەججۈپ، دەھشەت ۋە ھەيرانلىقنى قوزغايدىغان پىلان ۋە ھەقىقەتلەردۇر.

- نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى) ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ چەت-چۆرە گىرۋەكلىرىدە ياشىمايدۇ. قىممەتسىز نۆل بولۇپ ھەم ياشىمايدۇ، ھەقىقەت چۈشەندۈرۈلمىسى-شەرھىيلىرىدىن ھالقىپ ھەم ياشىمايدۇ.

- ھىممىتى شەھۋەت ۋە لەززەت تەلەپلىرىدە بولغان كىشىنىڭ گۇمراھلىقى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. نۇقسانى يورۇپ، ئەيىپ ۋە ئار-نومۇسى ئاشكارە بولىدۇ.

- دۆۋەتكە (سىپاھ) خىزمەت قىلغان كىشىگە،
مۇنبەر قىلۇر خىزمەت،
قەغەز ئارا نەزەر چۆكتۈرگەن كىشىگە،
كاتتىلار قىلار ھۆرمەت.

- ئاكتىپلىق، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، پۇشايمانغا قۇل بولماسلىق، خاتالىقنى تۈزەپ كىرزىسلار ئىچىدىن چىقالاش، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار نىجاتلىقتا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى) نىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر.

- تاما-تاما كۆل بولۇر، پۇڭلاپ-سۇڭلاپ مال بولۇر، ۋاراق-ۋاراقلار كىتاب بولۇر، سائەت-سائەتلەپ ئۆمۈر .....

- <تۈنۈگۈن> كەتتى، <بۈگۈن> داۋاملاشماقتا، <ئەتە> تېخى تۇغۇلمىدى. ھازىرقى ھەر-بىر دەقىقەڭنى قەدىرلە. چۈنكى بۇ ساڭا بىكارغا كەلگەن غەنىمەتتۇر.

- مۆئمىن تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلىدىن، ئىبرەت ئالىدىغان نەزەردىن، زىكرى قىلىپ ئەسلەيدىغان تىلىدىن، شۈكرى قىلىدىغان

رازىمەن قەلبىدىن، ھەر ئىشقا سەبىر قىلىدىغان تىرىشچانلىقتىن ھېچ ھېچ خالى بولمايدۇ.

- بىر مىنۇت ئىچىدە يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتقىلى بولىدۇ. بىر مىنۇت ئىچىدە قۇرئاندىن بىر سەھىبە (بەت) ئوقۇغىلى بولىدۇ. بىر مىنۇت ئىچىدە كىتابتىن ئۈچ بەتكە قاراپ چىققىلى بولىدۇ. بىر مىنۇت ئىچىدە قىسقىغىنە سالام رىسالىسى يازغىلى بولىدۇ. بىر مىنۇت ئىچىدە سۈرە ئىخلاسنى ئۈچ قېتىم تىلاۋەت قىلغىلى بولىدۇ.

- نەيسابۇرى <سەھىھ مۇسلىم> نى يۈز قېتىم تەكرارلىغان. ئىبنى سىينا فارابىينىڭ كىتابىنى 40 قېتىم قايتىلىغان. بەزىلەرنىڭ <مۇغنى> نى ئون قېتىملاپ ئوقۇغانلىرىمۇ بار.

- ئىبنى ھەزم نىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يادلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنى قايتىدىن يېزىپ چىققان. قەتادە بىر تۆگە كۆتۈرگىدەك كىتابنى يادلىغان. ئىمام شەئبى ئېيتىدۇ: ئاق ئۈستىگە يازغان قارىلىرىمنىڭ ھەممىنى يادلىۋالغان ئىدىم.

- سۇفيان ئەسسەۋرى بىر كېچە تولۇق ناماز ئوقۇپ ھەتتاكى تاڭ ئېتىپ كېتەتتى.

- ئىبنى مۇبارەك بىر ئۆلىما بىلەن بىرگە ئۆرە تۇرغان ھالدا ھەدىس تەكرارلاپ تاڭغا ئۇلىشىپ كېتەتتى.

❖ مۇھەممەد ئەمىين شەنقىيتى مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە بىر كېچە-كۈندۈز تەتقىق قىلغان.

❖ يەھيا ئىبنى مۇئىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن لەفزىنى بىر مىليون قېتىم يازغان. ئۇ بىلگەن ھەدىسلىرىنى 50 قېتىم يېزىپ چىققان دېگەن گەپمۇ بار.

❖ ئىمام شەئبىي ئېيتىدۇ: مەن يادلىغان شېئىرنى ئەگەر خالىساڭلار سىلەرگە تولۇق بىر ئاي ئوقۇپ بېرىمەن.

❖ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى) غا ئۆز دىيارىدىكى كىچىك بالىلارمۇ ئىھتىرام بىلدۈرىدۇ. قارا قوساق جاھىل مەغلۇبىيەتچىنى ھەر كىشى مەسخىرە قىلىدۇ، گەرچە ئۇ ئۇلاردىن مىڭ مەرتە ئۈزرە سورىسىمۇ.

❖ كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا قاغىدەك سەھەرچى، ئىشەكتەك سەبىرلىك، يولۋاستەك ئىرادىلىك، بۆرىدەك پۇرسەتچى بولالىسا كۆپلەپ ئىلىمغا ئېرىشەلەيدۇ.

❖ ھورۇن مەھرۇملۇقتا، بىكارچى نادامەتتە. ھەرىكەتتە بەرىكەت. ئىنتىلگەن، ھەرىكەتتە بولغان ئۆزگىگە غالىپتۇر.

❖ **بۇ يول ھەقىقەتەن ئېغىر. بۇ يولدا نوھ مۇڭلىنىپ يىغلىغان. يەھيا بوغۇزلانغان، ئۆمەر ئۆلتۈرۈلگەن، ئوسماننىڭ قېنى تۆكۈلگەن، ئەلى قەستلەنگەن، ئۈممەتنىڭ كۆزى ئەلامە-ئۆلىمالار بىھۇدە قامچىلانغان.**

❖ **ئىمام بۇخارىي ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىنى 16 يىل توپلىغان بولۇپ، ھەربىر ھەدىسنى ئالغاندا غۇسلى قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.**

❖ **ئىبنى دۇرەيد <كىتابۇل جەمھەرە> نى تۆت قېتىم كۆچۈرۈپ چىققان.**

❖ **ئىمام ئەھمەد ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ئۆزىنى ئىجارىگە بېرىپ مەدىكار بولغان.**

❖ **ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئىلىم ئۈچۈن ئۆيىنىڭ لىم-تۈۋرۈكلىرىنى ساتقان.**

❖ **ئىمام سۇفيان ھەدىس ئېلىش يولىدا ئۈچ كۈن ھېچ نەرسە يېيەلمەي ئاچ قالغان.**

❖ ئىمام نەۋۋىي كىتابلارنى مۇتالە قىلىپ كۆرەتتى، يازاتتى، يادلايتتى، ناماز ئوقۇيتتى ۋە تەسبىھ ئېيتاتتى. ئۇيقۇسى كېلىپ مۈگدەپ قالغۇدەك بولسا، ئولتۇرغان پېتى بىرئاز ئۇخلىۋالاتتى.
ئىمام شەۋكانىنىڭ بىر كۈندە 12 دەرسى بار ئىدى.
ئىبنى سىينا بىر كۈندە 25 بەت كىتاب يازاتتى.

❖ ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىككۈچى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈرچى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى پادىچىلىقتا ئىجارىگە بەرگەن. ئىبنى مۇسەييەب ياغ ساتاتتى. ئەبۇ ھەنىفە پاختا ساتاتتى.

❖ بىدارلىق! ئاھ بىدارلىق! ئۆمۈرلەر تۈگەشتىن ئىلگىرى، ئىش-ئىز، نامە-ئەمەللەر يېزىلىشتىن ئىلگىرى بىدارلىقنى چىڭ تۇت. چۈنكى كېچە-كۈندۈز بىلەن ھېچ نەرسە باقى قالمايدۇ. (بىدارلىقتىن بولغان مەقسەت خاس ئۇيقۇلا ئەمەس، بەلكى غەپلەتتە قويىدىغانىنىڭ ھەممىسى).

❖ ھىممەتلەرنىڭ بوشىشىدىن، ئىرادىلەرنىڭ ۋەيرانلىقىدىن، مەقسەتلەرنىڭ جانسىز، ئاجىزلىقىدىن، خاراكتېرنىڭ چوڭلىقىدىن (كىبىرلىك) ۋە نەپسنىڭ بالاسىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن (تىلەڭلار)!

❖ ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بەدىردە شاھادەتنى ئىزلىدى. ئېيتتىلەركى- ئوھۇتتا؛ ئوھۇتقا ئاتلاندى، دېدىكى-

بەلكىم خەندەكتە؛ خەندەككىمۇ باش قوشتى، دېدىلەركى-ئۇنى خەيبەردىن ئىزدە؛ خەيبەردىن قايتقىنىدا- ۋاقىت كېچىكىپتۇ- دېدىلەر. ئۇ ئېيتتىكى- مەسجىتتە شەھىد قىلىنىش نېمىدېگەن ياخشى ...

- ئىلىم، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، ئۆگىتىش ۋە شۇ ھەقتە ئەسەر قالدۇرۇش ئارقىلىق يادلىنىدۇ. كىمكى ئىلمنى يادلاپ، تەكرار قىلىپ، ئەسلەپ ۋە ئەسلىتىپ، ئۆگىتىپ تۇرسا ئىلىم ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە مۇستەھكەم ئورناپ كېتىدۇ.

- نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى) چوقۇم مۇلاھىزىسى كۈچلۈك، دىققەت مەركىزى ئېنىق، تەدەببۇر- تەپەككۇرنى تاشلىمىغان، ئۈمىدۋارلىقنى سۆيىدىغان، ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

- ئىبنى ئابباس(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئېيتىدۇ: تەلەپ قىلغاندا خار بولدۇم، تەلەپ قىلىنغاندا ئەزىزلەندىم.

- ئۆمەر(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئېيتىدۇ: قومانداندان (داھى) بولۇشتىن ئىلگىرى فەقىھ بولۇڭلار!

مۇجاھىد ئېيتىدۇ: خىجالەتمەن ۋە تەكەببۇر كىشى ئىلىم تەلەپ قىلمايدۇ (قىلالمايدۇ).

- نىجاتلىقنى توسقۇچىلار: ئەگەشتۈرگۈچى ھاۋايى-ھەۋەس، بۇيرۇقدار نەپس، تەسىرلەندۈرگۈچى دۇنيا، سولاشقان ھىممەت ۋە كەينىگە تارتقۇچى قۇرۇق خام-خىيال.

- نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى) رەزىللىكلەردىن ھامان بىزاردۇر. مىننەتنى كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. راھەت ۋاقتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلدۇر، ئەمەل ۋاقتى بولسا، راھەتتۇر.

- بىكارچىلىق بۇزغۇنچى، مۇباھلىقلار مەشغۇللۇقتا. كۆپىنچە كىشىلەر بوشاڭلىقتا، >بالا دېگەن قورقۇنچلۇقتا، نادانلىقتا ۋە بېخىللىقتا ئۆندەيدۇ<.

- يەتمىش يىلنى ئىمام ئەھمەد دۇككاننىڭ ئىجارىسىنى يەپ ئۆتكۈزگەن.
يەتمىش يىلنى خەلىل ئىبنى ئەھمەد نان ۋە ماي بىلەن ئۆتكۈزگەن.
يەتمىش يىلنى سوفيان سەۋرى ئارپا نېنى بىلەن ئۆتكۈزگەن.

- نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى (مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى) دىن رەببى ئۇنىڭ ئىمانى بىلەن رازى بولسا، ئەھلى ئۇنىڭ ئائالىقە-ئۆلپەتچىلىكى بىلەن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن، جامائەت ئۇنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئۇنىڭدىن رازى بولىشىدۇ.

❖ ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىككى يىل مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا باش بولدى-دە، خىلافەتنى تۇرغۇزۇپ، دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەرنى مەغلۇپ قىلدى.
ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىككى يىل مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا باش بولدى-دە، ئەدلى-ئادالەتنى قايتا يېيىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، دىننى يېڭىلىدى.
ئىبنى ئەبى جەئد ئىككى يىل ئىلىم ئۆگىنىپ مەدىنىنىڭ مۇفتىسى بولغان.

❖ ئىمام سەرەخسى تۈرمىگە تاشلاندى ۋە بۇ ۋاقىتتا 30 مۇجەللەتلىك <مەبسۇت> دېگەن كىتابنى يازغان.
ئىمام ئىبنى ئەسىير نەزەربەنتكە ئېلىندى ۋە بۇ ۋاقىتتا 30 مۇجەللەتلىك <جامىئۇل ئۇسۇل ۋە نىھايە> دېگەن كىتابلىرىنى يازغان.
ئىمام ئىبنى تەيمىيە تۈرمىگە تاشلاندى ۋە بۇ ۋاقىتتا 30 مۇجەللەتلىك <پەتۋا>سىنى چىقاردى.

❖ ئىبنى جەۋزىي ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى يازاتتى.
خاقان ئوغلى فىتھ ھەر ۋاقىت ئوقۇش ئۈچۈن يانچۇقىغا كىتاب سېلىۋالاتتى.
خەتىيبۇل باغدادى ماڭغان ھالەتلىرىدىمۇ مۇتالىئە قىلىپ، ئۆگىنەتتى.

❖ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئېيتىدۇ: مەندە بىر ئىنتىلگۈچى نەپس بار؛ ئەمىرلىككە ئىنتىلدى، ئەمىرلىككە ئىگە بولدۇم. خەلىپىلىككە ئىنتىلدى، خەلىپە بولدۇم. مانا ئەمدى بۇ جەننەتكە ئىنتىلمەكتە ...

❖ ئەبۇ مەنسۇر سەئالىبىي تۈلكە تېرىسىدە كىيىم تىكەتتى، ھېممىتى ئۇنى دۇنيا ئەدىبى بولۇشقا ئېلىپ باردى.
ئىمام فەررا تېرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، كېيىنچە گىراماتىكا بۇلىقى بولدى.
ئىبنى زىيات ياغ ساتاتتى، ئاندىن ۋەزارەتكە ئىگە بولدى.

❖ بولسا نەپس كىبىرلىكتە گەر
ھېرىپ قالار مۇرادىدا تەن.

■ ■ ■ ■ ■ ■ ■ ■ ■ ■

### ئىككىنچى باب

# ئۇيۇقتا يېتىدىغان ھىممەت

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: «سىلەردىن (جەننەتكە) ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر».

ۋە يەنە: «ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار».

ۋە يەنە: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار».

ۋە يەنە: «(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر».

ۋە يەنە: «قىزىقىقۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن: <كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. لېكىن ھەر ئىككىلىسى ياخشىدۇر. ساڭا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىن، ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن>.

ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: <ئەقىللىق ئىنسان ھاۋايى-ھەۋىسىنى خار قىلىپ باقىيلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان كىشىدۇر. ئاجىز ئىنسان

نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشتۈرىدىغان ۋە ئاللاھتىن ئامانلىق ئۈمىد قىلىدىغان كىشىدۇر>.

ۋە يەنە: <بەش ئىشتىن ئىلگىرى بەشنى غەنىمەت بىل: قېرىشتىن ئىلگىرىكى ياشلىق، كېسەللىكتىن ئىلگىرىكى ساقلىق، ئالدىراشلىقتىن ئىلگىرىكى بىكار ۋاقىت، پېقىرلىقتىن ئىلگىرىكى بايلىق، ئۆلۈمدىن ئىلگىرىكى ھاياتلىق>.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ساھابىگە: <نەپسىڭگە قارشى بېشىڭنى سەجدىدىن كۆتۈرمە ...>دىگەن.
ۋە يەنە بىرسىگە: <تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن نەم بولۇپ تۇرسۇن ...> دىگەن.

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيتتى: <ئى ئاللاھ ساڭا سىغىنىپ تۇرۇپ غەم – قايغۇ، پەرىشانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ ساڭا سىغىنىپ تۇرۇپ ئاجىزلىقتىن ۋە ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ ساڭا سىغىنىپ تۇرۇپ قورقۇنچاقلىقتىن ۋە بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ ساڭا سىغىنىپ تۇرۇپ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشتىن ۋە زالىمنىڭ تاپىنى ئاستىدا قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن>.

- رەسۇلۇللاھ كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن. ئاچلىقتىن بەزىدە قورسىقىغا تاشلارنى تېڭىۋالغان. كېچىنىڭ كۆپىنچە قىسمىدا ناماز ئوقۇپ چىققان. ئەرزىيەت، تىل-ھاقارەت، يۇرتىدىن قوغلىنىش، ئۇرۇش ۋە ئاچلىقنىڭ جاراھەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە

سەبىر قىلغان. مۇشرىك، يەھۇدى، ناسارا ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇشلاردا بولغان. ئۇ ئۇرۇشتا ئەڭ قورقۇمسىز، ئەخلاقتا مىسلىسىز، ئىمانى بۈيۈك، پىكرى ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئائىلىسىگە ئەڭ كۆيۈمچان، قەلبى ئەڭ شىجائەتلىك، قولى ئەڭ سېخى، ھىممىتى ئەڭ كۈچلۈك، سۇلماس ئىرادىلىك، ئەڭ سەبىرچان زات ئىدى. سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ...

❖ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسھابىلىرى ئەڭ گۈزەل سەبىرلەردە بولغان، بىرگە قانلىق جەڭلەردە بولغان؛ چاچلىرىنى ئاقارتىدىغان كەسكىن پوزىتسىيەلەردە بولغان، مال ۋە جانلىرىنى قۇربان قىلغان، ئەرزان-قىممەت ھەرقانداق نەرسىسىنى ئاللاھ يولىدا سۇنغان، رەسۇلۇللاھ كېسەل بولغاندا ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشلاردا ئۇلاردىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىرى بولدى، يارىلانغانلىرى بولدى، قول-پۇت ۋە بىرقىسىم ئەزالىرى كېسىلگەنلەر بولدى، ھەتتا جىگەرلىرى چاينالغانلىرى ھەم بولدى، ئاچلىق دەردىدىن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېگەنلىرى بولدى، قاتتىق پىژغىرىم ئىسسىقتا سوزۇلۇپ قالغانلىرى بولدى، قاماقلارغا قامالغانلىرى ھەم بولدى. مانا مۇشۇ ھالەتلەردە ئۇلار ئۆزگەرمىدى، ھەقىقەتتىن قىسىلمىدى، ئاللاھ يولىدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. دىنى ئۈچۈن قىيىن-قىستاق ئازابلارغا پىسەنت قىلمايتتى، قىيىننى ئاسان سانايتتى، ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتاتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

- ❖ مانا بۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ئاللاھ يولىدا مېلىنىڭ ھەممىنى چىقىم قىلىۋاتىدۇ. بارلىق ئۆمۈرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلىۋاتىدۇ. مانا ئۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدىكى ناماز ئوقۇغۇچى، روزا تۇتقۇچى، سەدىقە قىلغۇچى، جىھاد قىلغۇچى، مېھمان كۈتكۈچى، سېخىيلىق قىلغۇچى، ياخشىلىق يەتكۈزگۈچى، ھەقىقەتنى تەستىقلىغۇچى، ئاللاھنى ئەسلىگۈچى، ۋاپىغا يەتكۈزۈپ ئىبادەت قىلغۇچى، قانائەت قىلغۇچى ۋە تەۋبە قىلغۇچى. ھەتتاكى ئۇ قىيامەت كۈنى پەزىلىتى ۋە ئىيمانىنىڭ كۆپلىكىدىن سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدۇ. بۇ زات رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەتتىكى ھەمراھى، غاردىكى ساھىبى، بىرە ھەربىي يۈرۈش ۋە ئۇرۇشلاردىن قېلىپ قالمىغان، بەلكى ئۇ ئىسلامغا، ھىجرەتكە، جىھاتقا، ياخشىلىققا، تەقۋالىققا ئەڭ ئالدىدا يۈرۈش قىلغۇچى. ئۇ تەستىقلىغۇچى، قوبۇل قىلىشنىڭ تاجى، ياخشىلىقنىڭ يۈكسەك پەللىسى دېگەن ناملارغا پەقەت ئۆزىنىڭ كاتتا جىھادى؛ بۈيۈك، مۇستەھكەم ئەخلاقى ۋە چوڭقۇر پەزىلەتلىرى بىلەنلا يەتكەن.

- ❖ مانا بۇ فارۇق ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ئىماندىكى بۈيۈك ئورۇنى، قۇربانلىقلىرى، ھىجرەت، جىھاد، رابىيدىن قورقۇش بىلەن سەدىقە قىلىشى، رەببىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەردائىم ئەسلەپ ۋە ئەسلىتىپ تۇرۇشى، خىلاپەتتىكى ئەمەلگە پۇختا بولۇشى، غەزەپ ۋە رازىمەنلىكتە ئىنسابتا بولۇشى، دىنىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر

ھەم ئۆتكۈر بولۇشى، ۋەھيىنى بىلىشتىكى ۋە مەنبەلەردىن ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئىجتىھادلىرى بىلەن بىرگە زاھىدلىق ۋە تەقۋالىقنى يۇقىرى چەككە كۆتۈرگەن زاتتۇر. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

- ❖ مانا بۇ، ئىككى نۇر ئىگىسى ئوسمان ئىبنى ئەففان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۆزىنىڭ ئاللاھتىن بولغان ھاياسى، ئاللاھ رازىلىقىغا ئالدىرىشى، راستچىللىق، ئالىيجاناپلىق، قەلبى پاك ۋە ماختاشقا تېگىشلىك ئابرويى بىلەن بىرگە ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىجابەتتە بولۇشقا ئالدىرىغان، بۇرۇن ئىمان ئېيتقان، قىيىنچىلىق ۋە ئاسايىشلاردا ھەمىشە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە بولغان، ئۆزىنىڭ جىھادى، ھىجرىتى ۋە پۇل-مال ئىنفاق قىلىشلىرىدا ئاللاھنى ھەقىقى تەستىقلىغان، <جەيشۇل ئوسرە>نىڭ كۆپىنچە ئۇرۇش چىقىمىنى كۆتۈرۈپ، قوشۇننى تەييار قىلغان، <رومە> قۇدۇقىنى سېتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارغا ۋەخپە قىلىپ بەرگەن، قۇرئاننى ناھايىتى پىشىقان، ھەتتاكى كېچىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەھەججۇتتا ئۆتكۈزگەن زاتتۇر. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

- ❖ مانا بۇ، مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ شىجائەت غوجىسى، چەۋەندازلار قوماندانى ئىدى. نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، قىلىچى بىلەن سەپ يارغان، تەڭداشلىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان، شەخسىيىتى مۇبارەك، قەلبى پاك، <سىنالغان ياخشى

ئادەم>. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۈيۈك ئىلىملىك، ئۆتكۈر چۈشەنچىلىك، پارلاق- پاساھەتلىك، ھەيۋەت-شىجائەتلىك، تەقۋا-زاھىت، ھەر ئىشتا باشلامچى، پىداكار، سۇلماس ئىرادىلىك، كۆچلۈك ھىممەت ئىگىسى ئىدى. ئۇ بۇ مەرتىبىلەرنىڭ ھەقدارى ۋە بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەھلىدۇر ... ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

❖ مانا بۇ قارىلارنىڭ غوجىسى ئۇبەي ئىبنى كەئىب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، قۇرئاننى ئۆزىگە توپلىغان، يادىلىغاندىمۇ ناھايىتى پىششىق ئىگىلىگەن، كاللىسىدا تۇتقانلىرىنى بىلگەن، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلغان، ئەمەللىرىنى تەستىقلىغان، نەسىھەتتە بولغان، ھەتتاكى بۇ بۈيۈك پەندە ئاجايىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە قۇرئان ساھەسىدىكى مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبە بولغان.

❖ مانا بۇ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. ئاللاھ يولىدا بەدىنىنىڭ ھەربىر غېرىچ يېرى يارلانغان. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قوغدىغۇچىسى ھەم جەننەتتىكى ھەمراھى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان.

❖ مانا بۇ سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئانا تەرەپ تۇغقىنى. ئاللاھنى تەستىقلاشتا

ھەرقانداق دەۋەت بولسا ئىجابەتتە، قەلبى سابىت ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا پارىسلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان ئىدى.

❖ مانا بۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. بىر كارۋىنىنى ئۇلاغ ۋە ماللىرى بىلەن قوشۇپ ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ سەدىقە قىلىۋەتكەن. ھەرقانداق توغرا بولغان ھەققەت ئىشلىرىدا ئايىماي ئىنفاق قىلاتتى.

❖ مانا بۇ ئۇممەت ئالىمى ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، شەرئىي بىلىملەرگە چۆككەن، قۇرئان تەرجىمانى، ئىلىم تەلەپ قىلىشتا تىرىشچان ۋە قاتتىق ھېرىسمەن، ۋەھيىنى چۈشىنىشتە ۋايىغا يەتكۈزگەن، ئىلىم ئۆگىتىشتىمۇ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى، چۈشەنچىسىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، بايانىنىڭ راۋانلىقى، ھۆرمەتلىك ۋە سېخىيلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ھەتتاكى ئۇ سەبىردە، جىھاتتا، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتە كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ قالغان.

❖ مانا بۇ ئۆلىمالارنىڭ ئىمامى مۇئاز ئىبنى جەبەل (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ئىلمىنى ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆگەنگەن. ئاللاھ ئۆگەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلغان. ئۇ ئەمەلى

بىلەن تەۋبىسى ئىلمىغا يېقىن بولغان، ئىبادەتگۇي زاھىت كىشى. ئاللاھقا چاقىراتتى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئۆگىتەتتى. ئاللاھ يولىدا جىھاتتىن باش تارتماي، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ- يامانلىقتىن توشۇشتا ئالدىنقى سەپتە تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ چوڭقۇر چۈشەنچە، ئىسىل ئەخلاق، مۇلايىم مۇئامىلە ۋە سېخىي قول ئىگىسى.

❖ مانا بۇ، يادلىغۇچىلارنىڭ سەييىدى ئەبۇ ھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ھەدىسلەرنى يادلاپ، كاللىسىغا تولىغان، ۋە شۇ ھالىتىدە ئۇممەتكە يەتكۈزگەن. ئۇ ھەقىقى ئىشەنچىلىك ھافىز بولۇپ، كېچىسىنى ئىبادەت، ھەدىسلەرنى تەكرار ئەسلەش ۋە ئۇيقۇدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلەتتى. ئۇ كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىش، پەتىۋا ئىشلىرى، ۋەز-نەسىھەت، جىھات ۋە ئۆزى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھىممىتىنىڭ كۈچلۈك، ئىرادىسىنىڭ سۇلماسلىقى ۋە قەلبىنىڭ قۇۋۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

❖ مانا بۇ، ئاللاھنىڭ قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇنىڭ ئىسمى نۇردىن بولغان ھەرىپ بىلەن ئۆزگە ئوخشاش خالىدلار قاتارىغا يېزىلغان. ئۇنىڭ نامى پارلاق تارىختىكى فاتىھلار (زېمىن پەتىھ قىلغۇچىلار، ئىسلام ئاچقۇچىلار) دىۋانلىرىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلگەن. ئۇ ئىسلامغا قىلىچى بىلەن ياردەم قىلغان. ھەرقانداق خەتەرلەرگە ھېچ پەرۋا قىلماي، روھىنى راھەتتىن تارتىپ چىقىرىپ، قانلىق جەڭگە

يۈزلەندۈرگەن ھالەتتە ئۇرۇش دولقۇنلىرىغا چۆككەن. ھەتتاكى ئۇ پىداكارلىق، قۇربانلىق بېرىش، جەڭگىۋارلىق، ئۇلۇغلۇق قەدرى، بۈيۈكلۈك مەنزىلى ھەققىدە كەلتۈرۈلىدىغان مىسالغا ئايلاندى.

- بۇ بولسا، تابىئىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، 60 يىل ئىچىدە ئىمام بىلەن بىرگە تەكبىر ئىھرامدىن (ناماز باشلىنىش تەكبىرى) قېلىپ قالمىغان. ئۇ بىر ھەدىسنى ئاڭلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز سەپەر قىلغان. كۆپىنچە ۋاقتى مەسجىدتە ئۆتەتتى. شۇنداقلا ئۇ پەتىۋا بېرىش، چۈشكە تەبىر بېرىشلەردە كىشىلەرنىڭ مەنبەسى ئىدى. بۇلار بىلەن بىرگە ئۇ كېچە نامىزىنى قالدۇرماسلىق، مەھرەملىرىنى قوغداش (كۈنلەش)، راستچىللىق، زاھىتلىق، تەۋبىگە ئالدىرىشى، كەمتەر، سېخىيلىق، ئۆزىگە يارىشا سۈرى، مۇستەھكەم ئىلمى بىلەن ئالاھىدە تۇراتتى.

- بۇ، ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئاللاھ ئۇنى ئىلىم بىلەن ئۈستۈن قىلغان. ئۇ ھەرەمدە ئىلىم ئۆگەنگەن ھالىتىدە 30يىل تۇرغان، ئاندىن كىشىلەرگە مۇپتى بولغان. بۇنىڭ بىرگە ئۇ ناھايىتى ئاددىي-ساددا، تىجەشلىك، ئىخلاسمەن، تەقۋادار، ھەم رىۋايەتلەرگە ئالاھىدە پىششىق، دىرايەتلەرگە چۈشەنچىسى ئۆتكۈر كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبلەر ئۇ كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقى ئىمام بولغان.

- مانا بۇ، ھەسەن ئەلبەسرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ ئىلىم تەلەپ قىلىشقا، سۈننەت ئۆگىنىش، ئەسەرلەرنى ئىگەللەشكە قاتتىق تىرىشقان. شۇنداقلا ئۇنىڭغا بېرىلگەن پاساھەت، ئەستايىدىللىق ۋە سۆزدىكى گۈزەللىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزى قەلبلەرگە داۋا، ۋەز-نەسىھەتى قەلبلەرنى ياشناتقۇچى بولۇپ قالغان. مانا بۇلار بىلەن بىرگە ئۇ زاھىتلىق، كەمتەرلىك، تەقۋالىق، كۆپ تەۋبە، رەببىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇش، ئىستىقامەتتە بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆزىگە توپلىغان بىر كىشى. شۇنداق بولغاچ ئاللاھ ئۇنى ئىسىل مەرتىۋە، بۈيۈك ئورۇنغا كۆتۈرگەن.

- بۇ، سۈننەت ھاپىزى (يادلىغۇچى)، ھەدىس ساھەسىدە زامانىسىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد ئىبنى شىھاب ئەززۆھرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ناھايىتى پېقىر-نامرات، ھاجەتمەن بولۇشىغا قارىماي ئىلىم تەلەپ قىلغان، سەبىر قىلغان، داۋام قىلغان ۋە ئۆلىمالار يېنىغا سەپەرلەر قىلغان. ھەدىسكە كەڭ قۇچاق ئېچىپ تىرىشىپ يادلىغان ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ داڭلىق ھەدىس ئىمامى بولۇپ قالغان. بۇلار بىلەن بىرگە ئۇنىڭ فىقھى ۋە دىرايەت ئىلىملىرىدىكى چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە مول ئىلىملىرى، داڭقى چىققان ھاتەم كەبى مەرت-سېخىيلىقى بىلەن ئىسمىنىڭ سۈننەت دىۋانلىرىغا تىزىلىشى، قەلب دىۋانلىرىغا ئويۇلۇشى ھەق بولغان.

❖ بۇ، كۆپلىگەن ئىلىملارنى ئۆزىگە توپلىغان ئىمام ئامىر ئەششەئبىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، قەلبى سەگەك، چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولۇش بىلەن بىرگە ناھايىتى تىرىشچان، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئىلمى چوڭقۇر، سۈننەتكە چۆككەن، ئەدەبىياتتا يېتىلگەن بىر كىشى ئىدى. ھەتتاكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى، چۈشەنچىسى، پاساھەتلىكلىكى، شەخسىيىتى كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن خەلىپە ئابدۇلمەلىكنىڭ رۇم پادىشاھىغا ئەۋەتىدىغان ئەلچىسى بولغان. ئۇ مۇنداق دەيتتى: مەن قارا بىلەن ئاق ۋاراققا يازغان، قەلبىم ئامانەت قويغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم (يەنى ئىلمنى ئۇنتۇپ قالمىدىم دېمەكچى). ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: ئەگەر خالىساڭلار شېئىرلىرىمنى بىر ئاي سىلەرگە دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىمەن.

❖ بۇ، كاتتا فەقىھ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئىلىم تەلەپ قىلىشتا قاتتىق تىرىشقان. ھەم ئاللاھ بۇ زاتقا ئۆتكۈر زېھىن، چوڭقۇر چۈشەنچە ئاتا قىلغان بولۇپ، ھەتتاكى كىشىلەر فىقھى ساھەسىدە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولۇپ قالدى. ئولتۇرۇپ ھۆكۈم ئالاتتى، مال-دۇنيادىن ئۆزىنى تارتقان، مەنسەپتىن يۈز ئۆرىگەن، قازىلىقتىنمۇ يىراقلاشقان، يۇڭ-رەخت سېتىش بىلەن قانائەتلەنگەن ئىدى. بۇلار بىلەن بىرگە يەنە ئۇ ناھايىتى ئىبادەتكار، زاھىت، ئىبادەتتە خۇشۇ-ھۇزۇردا تۇرىدىغان، سەدىقە-زاكاتنى ھەرگىز كەم قىلماي سۆيۈنۈپ تۇرۇپ بېرىدىغان زات ئىدى.

- بۇ، ھىجرەت يۇرتىنىڭ ئىمامى، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان <مۇۋەتتا> نىڭ ساھىبى مالىك ئىبنى ئەنەس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۆمرىنى ھەدىس ئۆگىنىشكە ئاتىغان، ھەتتاكى 70 ئالىم ئۇنىڭ پەتىۋا ئەھلى بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن. ئۇنىڭدىن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن كىشىلەر سەپەر قىلىپ كېلەتتى. مەخسۇس كارۋانلار تەييارلىنەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ زاتقا گۈزەل سەبىر، ئۆتكۈر تىل، چىرايلىق كۆرۈنۈش- ۋە راستچىل-ئىشەنچلىك بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىق مەرتىۋىسى ئاتا قىلغان.

- مانا بۇ، نۇرغۇنلىغان قائىدىلەرنى ئۆز ئورنىغا قويغان، پىرىنسىپلارنى تۈزگەن، جىسمى ۋە ۋاقتىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە سېخىيلىق بىلەن سەرپ قىلغان، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇشەققەتلىك سەپەرلەر قىلغان، ھەم ئۇنىڭغىمۇ ئىلمى ئۈچۈن سەپەرلەر قىلىنغان، ئۇلۇغلانغان ۋە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ياد ئېتىلگەن، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىلمى بىلەن مەساللار كەلتۈرۈلگەن، ئىككى يۇرتىنىڭ قوياشى، زامانىسىنىڭ داۋاسى بولغان ئىمام شافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇلار بىلەن بىرگە ئۇ ناھايىتى سەبىرلىك، شۈكرى-قانائەتچان، دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، يۈكسەك ئەدەپلىك، تىلى پاساھەتلىك، ئىلمى چوڭقۇر، ھىممىتى ئۈستۈن، ناھايىتى ئەقىللىق، كەڭرى مەلۇماتلىق زات ئىدى.

❖ ۋە يەنە سۈننەت ئىمامى، بىدئەتكە قەھر قىلغۇچى، مىھنەت پالۋنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇ كىشى قاتتىق ئاچلىق، ھېرىپ-چارچاش، ناھايىتى پېقىر-نامراتلىقلىقىغا بوي ئەگمەي، ئاشكارە زاھىتلىق بىلەن ھەدىس-ئەسەرلەرنى توپلاش ئۈچۈن جاھاننى كەزگەن. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى مىھنەت بىلەن سىنىغان بولۇپ، زىندانغا قامالغان، قامچىلانغان بولسىمۇ ئازغۇنلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ئاۋاز قوشمىغان، نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلمى، سەبرى ۋە راستچىللىقى بىلەن ئۇنى ئۈستۈن قىلغان. ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىسمى مەڭگۈ يادلانغۇچىلار قاتارىدىن بولدى.

❖ ۋە يەنە ئىبادەتكار، زاھىد، مۇجاھىد، ئاۋۋالقى ئەسىرنى يېڭىلىغۇچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). مال-دۇنياغا بېرىلمەي، شەھۋەتلەردىن يۈز ئۆرۈپ، ئىلىم، ئىبادەت، زاھىتلىق، ئادالەتكە يۈزلەنگەن. ئاللاھ بۇ كىشى ئارقىلىق ئادالەت سۈننىتىنى زېمىندا قايتىدىن تۇرغۇزغان، بىدئەتكە قەھر بىلەن قارشى تۇرغان، ئۇ ئارقىلىق ئىسلاھات يولىنى يورۇتقان، نىجاتلىق بەلگىلىرىنى يېڭىدىن پارلىتىپ بەرگەن. مانا بۇ رابباني ھىدايەت ئىمامى ۋە ئۆممەت ئالىمىدۇر.

❖ مانا بۇ، زامانىسىنىڭ زاھىد ئالىمى سۇفيان ئەسسەۋري (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ پانى دۇنيادا زاھىد بولۇپ، باقىي دۇنياغا يۈزلەنگەن، ھەدىس يادلىغان، ناھايىتى سېخىي ئۆتكەن،

پەتۋا بەرگەن، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، راستچىل
نىيتى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن ۋەز-نەسىھەتلەردە بولغان ئىدى. بۇلار بىلەن بىرگە يەنە ئۇ تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز نەپسىگە بېرىلمەي، ئەتراپىدىكىلەرنى تەربىيەلەپ ئۆتكەن.

❖ بۇ، ئاللاھ گۈزەللىكلەرنى جەملىگەن زات ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ ئالىم، ئىلمىغا ئەمەل قىلغۇچى، زاھىد، ئىبادەتكار مۇجاھىد، مۇھەددىس، ھاپىز، پاساھەتلىك ئەدىب، سەدىقنى ئايىمايدىغان باي، كۆكسى-قارنى كەڭ، شېرىن سۆز، ماكانى يۇقىرى، قەلبى ھەقتە ئىچىلغان، ياخشىلىقنى ئىزدەپلا يۈرىيدىغان، گۈزەل سەبىرلىك، پەزىلەتلىك ئىشلارنى داۋام قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ھەتتاكى ئاللاھ ئۇ كىشىگە يۇقارقى سۈپەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقراقنىمۇ مەقبۇل ھالەتتە قىلغان.

❖ مانا بۇ، <سەھىھۇل بۇخارى> نىڭ ساھىبى ئىمام بۇخارىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلمىغا ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ھەدىس-ئەسەرلەرنى توپلاش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايتتى. ھەتتاكى ئۇ بۈگۈنگە قەدەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئىمامى بولۇپ قالدى، ۋە شۇ بويىچە يادلانماقتا. ئۇنىڭ تولۇق مەلۇماتلىرى ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىسى بىلەن بىرگە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلىكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە

مىسال ئورنىدا كەلتۈرۈلمەكتە. بۇلار بىلەن بىرگە بۇ زات يەنە، ئىسىل ئەخلاق ۋە مال-دۇنيادىن خالى زاھىتلىق بىلەن ئۆزىنى زىننەتلىگەن. ئاندىن ئۇ ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى قەدىرلىك، مۇبارەك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى قۇرئاندىن كېيىنكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب <سەھىھۇل بۇخارىي> دۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپلەپ رەھمەت قىلسۇن، ۋە ئۇنى پىردەۋس جەننەتلەردە قىلسۇن.

❖ مانا يۇقۇردىكى سۈپەتلەرگە <سەھىھۇل مۇسلىم> نىڭ ساھىبى ۋە باشقا سەھىھ، سۈننەت، مۇسنەد، لۇغەت كىتابلارنىڭ ساھىبلىرىنى ۋە كاتتا ھىممەت ئىگىلىرى مۇھەددىسلەرنى قىياس قىلىڭ! شۇ سۈپەتلەردە ئورتاقلاشتۇرۇڭ.

❖ نۇرغۇن ۋادىلارنى كەزگەن، كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ زىيارىتىدە بولغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ <ئەلكىتاب> دەپ ئاتىلىدىغان كىتابىنى يازغان گىراماتىكا ئىمامى سىبەۋەيگە قاراڭ! مانا بۇ زاتنىڭ كىتابى گىراماتىكا ساھەسىدە ئەڭ كاتتا كىتاب بولۇپ، ئۆزىدىن كېيىنكىلەر ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغىدەك كىتاب بولغان. ماختاپ سانا ئوقۇشقا ھەقلىق بولغان. بۇ زات ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە ئىجادچانلىقى بىلەن ئەھلى ئىسلام نەزىرىدە بۈيۈك ئورۇندا بولغان. ۋە يەنە بۇنىڭدىن باشقا كىتابلار ئۇلار ئارقىلىق زىننەتلەنگەن، سورۇنلار ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە ئىش-ئىزلىرى ئارقىلىق پارلىغان يۈزلەپ-مىڭلاپ گىراماتىكا-لۇغەت ئالىملىرىمىز بولۇپ، ئەگەر ئۇزىراپ كېتىشنى نەزەرگە

ئالمىغىنىمىدا ئۇلارنىڭ ھەربىرسىگە ئىشارە قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ چىققان بولاتتىم. (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن ۋە جەننەتتە ئۈستۈن مەرتىۋە ئاتا قىلسۇن)

- مانا بۇ، كاتتا تەپسىر ساھىبى ئىبنى جەرىر تەبەرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇ كىشى تۈرلۈك-تۈرلۈك ئىلىملارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ كىشى ئاللاھنىڭ كىتابىنى تەپسىرلەش ساھەسىگە قاتتىق چۆككەن بولۇپ، ھەتتاكى مۇپەسسىرلەر شەيخى بولغان. ئۇنىڭ كىتابىمۇ مۇشۇ ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ كاتتا كىتاب بولغان. بۇ كىتاب دەۋر پادىشاھلىرىنىڭ قولىدىن قولغا ئۆتۈپ، پۈتۈن زېمىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان، ئەۋلاتلار ئۇنىڭ بۇلىقىدىن ئىچكەن. شۇنداقلا بۇ كىتاب ھەربىر مۇپەسسىرنىڭ تەپسىردىكى پايدىلىنىش مەنبەسى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تايانچىسىدۇر.

- مانا بۇ، <سەھەھ ئىبنى ھىببان> نىڭ ساھىبى ئىبنى ھىببان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇ كىشى داڭلىق مۇھەددىس، ئەجەبلەنگىدەك ئەقىلگە ئىگە، يۇرت كەزگەن، نۇرغۇن ھىجرەتلەردە بولغان، بۇ ئەھۋاللىرىدا پىشىپ يېتىلگەن، ھەتتاكى ئىككى مىڭ شەيختىن رىۋايەت قىلغان. خالىغان كىشى ئۇنىڭ <سەھەھ> كىتابىغا ۋە باشقا كىتابلىرىغا قارىسۇن! شۇندىلا ئۇنىڭ يۇقىرى سۈپەتلەردىن ھالقىغان چوڭقۇر، ئىنچىكە ۋە پىشىپ يېتىلگەن ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

- چوڭ ئۆلىمالار قاتارىدىن يەنە بىرسى شافىئىي فەقىيھى، كۆپلىگەن كەڭ تارقالغان مەنپەئەتلىك ئەسەرلەر ساھىبى ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ كۈندە ئۆزىنىڭ دەرسلىرىنى 100 قېتىم تەكرارلايتتى. قىياسنى 1000 قېتىم قايتىلايتتى. ھەتتاكى ئۇنىڭ ھىممىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئىرادىسىنىڭ قاتتىقلىقىدىن جىسمى ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھەققىدە مۇنداق بېيىتلار يېزىلغان:

كۆرسەن تىرىشچانلىقىدىن ئورۇق جىسمىنى،
كىم تۇرغۇزار ئۇنىڭغا <دەلىل>ىم.
گەر بولسا كىشى ھىممىتى ئۈستۈن،
زەرەر قىلماس ئۇنىڭغا ئورۇق بىر جىسىم.

- بۇ بولسا، <تەپسىر رازى> نىڭ ساھىبى ئىمام پەخرى رازىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). تۈرلۈك ئىلىملارنى توپلاپ، ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن، ئۆگەنگەن ھەم ئۇنى يېزىپ قالدۇرغان، ئۆگەتكەن ھەم ۋەز-نەسىھەتتە بولغان، خۇتبىلەر سۆزلەپ، كىتابلار يازغان، زامانىسىنىڭ كۆزى بولۇپ قالغان.

- ۋە بۇ بولسا، رابباني ئۆلىمالارنىڭ بىرسى ئىمام نەۋەۋىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇ زات 40 يېشىدا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل تەۋەرۈك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلاردىن <ياخشىلار باغچىسى> نىلا تىلغا ئېلىش

كۆپايە. بۇ كاتتا ئىمام كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىلمىي خىزمەت، ئۆگىنىشلەردە بولاتتى. روزا تۇتۇپ، قىيامدا تۇراتتى. ھەر ۋاقىت پارلاپ نۇر چاچاتتى. نۇرغۇن ئىلىملارنى ئۆزىگە توپلىغان، ئۇيقىنى تەرك ئەتكەن، يالغۇزلۇقتا تىرىشقان، ھەتتاكى ئىلىمغا تولۇق بېرىلىپ تويى قىلماي بويتاق ئۆتكەن. ھەقىقەتەن بۇ (قىسقا ئۆمۈردىكى كاتتا نەتىجىلەر) ئەجەبلىنىشنى قوزغايدۇ.

- بۇ، شەيخۇل ئىسلام، ئۆلىمالار ئىمامى كاتتا فەقىھ ئىبنى تەيمىيە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئىلىم ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشقان، تۈرلۈك ئىلىملارنى ئىگەللىگەن، تەھقىقلىغان، ئىنچىكىلىگەن، ئىشەنچىلىك ھالەتكە كەلتۈرگەن، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، خۇتبىلەر سۆزلىگەن ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ھەتتاكى ئۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ يېڭىلىق ياراتقۇچىسى (مۇجەددىدى)، زامانىنىڭ ئىسلاھاتچىسى بولغان. ئۇ يەنە بىز سۈپەتلەشتىن ئاجىز كەلگۈدەك دەرىجىدە ئىسىل، مەنپەئەتلىك، چوڭقۇر، ئىلىمدا مەنبە بولغىدەك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇنداقلا بۇ زات ئىلىمغا ئەمەل قىلغۇچى، زاھىت، رەببىدىن قورۇققۇچى، كۆپ تۆۋبە قىلغۇچى، مۇجاھىد، راستچىل، كەمتەر، ھۆرمەتكە سازاۋەر، شىجائەتلىك رابباني ئىماملارنىڭ مىسالى قىلىپ كەلتۈرۈلۈشكە ھەقىقەتەن ھەقلىق. ئۇ بۇ پەزىلەتلەرگە پەقەتلا گۈزەل سەبرىسى، كالتەك-قامچا، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشى، ھېرىپ-چارچىشى، ئېغىر مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئېرىشكەن. چۈنكى ئۇ ئەھلى باتىلنىڭ دىگىنىگە چۈشۈپ بېرىشنى قوبۇل كۆرمەيدىغان يۈكسەك ھىممەتكە، تۆۋەنگە قاراپ

مېڭىشقا رازى بولمايدىغان قاتتىق ئىرادىگە ئىگە ئىدى. ئۇ زامانىسىدىكى ئۆلىمالارنى يېڭىۋالغان ۋە پەتىۋادا چوڭ بىر مەنبەگە ئايلانغان. بۇ زات كارۋان ئايلانغىدەك بىر ھىكايىدۇر، زامان ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان رابباني ئۆلىمادۇر.

- بۇ بولسا، شەيخ ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىبنى قەييىم (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇ كىشىمۇ ناھايىتى بەدىئىي بولغان گۈزەل، مەنپەئەتلىك بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنىڭ ساھىبى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە قارشى تۇرىدىغانلارمۇ پايدىلانغان ھەم پايدىلانماقتا. بۇ زاتمۇ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى شېرىن، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە، ھۆججەت-دەلىلى كۈچلۈك، دەلىللىرىنىڭ مەنبەسى توغرا، ئىلمىدا پىشقان، چۈشەنچىسى چوڭقۇر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دائىملىق زىكىردا بولغۇچى، شۈكۈر-قانائەتچان، سەبىرلىك، روزىدار، كېچە نامىزىغا ئالاھىدە ئىشقى بار، ئىبادەتكار، دۇنياغا بېرىلمەيدىغان زاھىد كىشى ئىدى.

- بۇ، مۇجتەھىد ھاپىز ئىبنى رەجەب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). كىتابلىرىلا ئۇنىڭ ئىلمىغا، چۈشەنچىسى ۋە پىشىپ-يېتىلگەنلىكىگە ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىدۇر. ئۇنىڭ ھەدىسلەرنى شەرھىيلەشتە، ئەسەر-رىۋايەتلەرنىڭ بايلىق كانىنى چىقىرىشتا تەشەككۈرگە لايىق مۇبارەك تىرىشچانلىقى بار. بەلكى مەن

ھەدىس شەرھىيلەشتە ئۇنىڭدىن ئالمىراق كامالەت ئىگىسىنى بىلمەيمەن.

❖ بۇلارنىڭ قاتارىدىن زامانىسىدىكى دۇنيانى يادلىغۇچى، بۇخارىنىڭ شەرھىيسى بولغان <فەتھۇل بارىي> نىڭ ساھىبى ئىبنى ھەجەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ كىتابىنى 25 يىلدا تۈزۈپ-زىننەتلەپ چىققان. <مۇقەددىمە> نى يەتتە يىلدا تۈزگەن. ئاندىن ئەقىللەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغىدەك 10 نەچچە جىلدلىق كىتابنى پۈتتۈرگەن. بۇ زات دائىم ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئەسەر يېزىش، ئۆگىتىش بىلەن بولۇپ، ھارغىنلىق ۋە مالاللىق ھېس قىلمايتتى، بوششىپ قالمايتتى. ھەتتاكى ھاپىز (ھەدىس يادلىغۇچىلار) نىڭ، تۇتۇۋۇلىش قابىلىيىتى يۇقىرى ئۆتكۈرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، مۇھەددىسلەرنىڭ شەيخى بولۇپ قالغان. خالىغان كىشى ئۇنىڭ <فەتھۇل بارىسىغا> قارىسۇن! فەتھىدىن كېيىن ھىجرەت يوق! (مۇشۇ كىتابنىڭ ئىسىللىقىدىن بۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ شەرھى يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن ئۆلىمالار بولغان).

❖ بۇ كاتتىلار قاتارىدىن يەنە بىرسى، تۈرلۈك ئىلىملارنى ئۆزىگە توپلىغان ۋە شۇ ھەقتە كىتاب-ئەسەرلەرنى يېزىشتا ئالدىدا تۇرغان ئىمام سۇيۇتى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). 40 يىل يالغۇزلۇقتا تۇرغان. ۋە كەڭ تارقالغان ناھايىتى مەنپەئەتلىك زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

- بۇلاردىن ئىلگىرى دۇنيا ۋائىزى، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىكى ئۆلىمالارنىڭ كاتتىسى ئىبنى جەۋزىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ كىتاب ۋە رىسالە بولۇپ مىڭغا يېقىن ئەسەر يازغان. ئۇ ۋاقتىنى ئىلىم ئۆگىنىش، يادلاش، فىقھى ئۆگىنىش، كىتاب يېزىش، دەرس ئۆگىتىش ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھەتتاكى ئۇ پاساھەت، ئەقىل ۋە ھىممەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى جەھەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ ھېكايىسىگە ئايلانغان، تىللاردا داستان بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە.

- ۋە يەنە ئالى ھىممەت ئېگىلىرىدىن بىرى ئادىل، ئاللاھتىن قورققۇچى، ئىبادەتكار، دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، مۇجاھىد، كېچىسىنى نامازدا بىدارلىقتا، كۈندۈزىنى روزىدارلىقتا ئۆتكۈزىدىغان، ئاللاھنى داۋاملىق زىكىر قىلىپ تۇرىدىغان، شۈكرى-قانائەتچان، سەبىرلىك، توغرا پىكىرلىك، دۇرۇس، پۇقرالىرىغا ئادىل، ھەممىگەن باراۋەر ھۆكۈم قىلىدىغان، ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولغان ھاياتىنى شەھىدلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان زات، نۇرىددىن مەھمۇت زەنكى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن).

- بۇلاردىن يەنە بىرسى قۇددۇسنىڭ فاتىھى، سەلەبىيلەرنى مەغلۇپ قىلغان، ئىسلام مىللىتىنىڭ غەلبە قازانغۇچىسى، ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن بىرگە ئادىللىقنى بەرپا قىلغۇچى، ئاللاھ ئىخلاسى سەۋەپلىك مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغان، سادىقلىق بىلەن ياردەم بەرگەن ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، جىھادلىرىدا فەتھىلەرگە مۇيەسسەر

بولغان، دۈشمەنلىرىنى يەر چىشلىتىپ، ئىسلام مىللىتىگە سېخىيلىقنى تاراتقان، ئالىي ھىممەت بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن زات سالاھۇددىن ئەييۇبى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن).

❖ بۇ زاتلارغا ئوخشاش ئۆزىدە بۈيۈك ھىممەت، سەبىر، راستچىللىق، كۈچلۈك ئىرادە ۋە بۈيۈك قەدىر - قىممەتنى جەملەش بىلەن ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىدە سادىق بولغان نۇرغۇنلىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر قوماندان مۇجاھىدلار ئۆتكەن.

❖ بۈلارنىڭ قاتارىدىن يەنە بىرسى، بۇ زامانىدىكى ئىسلام مۇجەددىدى (يېڭىلىغۇچى، ئىسلاھاتچى) ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋاھھاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق دىننىڭ <بۇرمىلانغان> تەرەپلىرىنى يېڭىلىغان، شەرىئەتكە ياردەم بەرگەن، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلغان. ئۇ بىر تەۋھىدكە چاقىرغۇچى، يېڭى زامان بۇت-ئىلاھلىرىنى ۋەيران قىلغۇچى، شېرىكلىككە قارشى تۇرغۇچى، خاتا ئېتىقاتلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى، ئاللاھ يولىدا قىلىچتىن ئۆتكۈر، زاماندىن كۈچلۈك ئىرادىسى، بۈيۈك سەبرى، ئىخلاسى ۋە قۇربانلىق بېرىش روھى ئارقىلىق ھەق جىھادىنى قىلغۇچى. ئاللاھ شۇ سەۋەب ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قەدرىنى ئالى، زىكرىنى يادلىنىپ تۇرىدىغان قىلدى. ئۇ بۇ ماختاشلارغا ۋە رابباني مەرتىۋىدىكى ئىماملىق ئورنىغا ھەقلىق زاتتۇر.

- بۇ بۈيۈكلەردىن يەنە بىز ئەسىرداش بولۇپ ياشىغان، ئولتۇرۇپ ئىلىم ئالغان ئىلمىغا ئەمەل قىلغۇچى پەزىلەتلىك ئىمام شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ سۈننەتتە سەلەپلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ئىمام، مۇھەددىس، فەقىھ، كىشىلەرگە مېھرىبان تەربىيەتچى ئالىم، كەمتەر ۋە سەبىرلىك ئىدى. ئۇ يەنە بىرقانچە كىشى ئاجىز كېلىدىغان ئىلمىي خىزمەتلەرنى قىلغان. ئۆزى ئۆگىنەتتى ۋە ئۆگىتەتتى، پەتىۋا بېرەتتى ۋە نۇرغۇن كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلاتتى، نۇرغۇنلىغان رىسالىلەرنى دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەۋەتەتتى. كىشىلەردىن ياردىمىنى ئايىماي قولى ئوچۇقلۇق قىلاتتى، كۆپلىگەن يىغىلىشلارغا قاتنىشاتتى ۋە ۋەز-نەسىھەتلەردە بولاتتى. شۇنداقلا بۇ زات دۇنيا پەرەسلىكتىن يىراق، ئەخلاقلىق، كەڭ قورساق، تەھەججۇت ۋە سەدىقىگە قاتتىق ئىخلاسمەن، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتا ئاۋانگارت، ئەرزىيەتلەرگە سەبىرلىك مىسكىنلەرگە مېھرىبان، ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىدى.

- ئەلۋەتتە، زاھىد ئەللامە شەيخ فەقىھ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىننى ئۇنۇتمايمىز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ كىشىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق فەقىھ بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقتىنى ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، پەتىۋا بېرىش، سەبىر، ھېكمەت ۋە مېھرىبانلىقتا چاقىرىپ ۋەز-نەسىھەتتە بولۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بىرقانچىلىغان شەرئىي پەنلەردە پىشقان، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە پەتىۋا بېرىشنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا قايتقانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. بۇ زاتمۇ دۇنياغا بېرىلىشتىن، نام-مەنسەپتىن ئۆزىنى تارتقان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تىرىشچان، ھەر زامان پارلايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئىتىقاتتىكى توغرىلىق، ھۆججىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى،

ئۇسسۇلۇبىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارچۇقىغا ئايلانغان كاتتا كىتابلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

❖ شۇنىڭدەك بۇ ئەسىرنىڭ مۇھەددىسى، زامانىمىزنىڭ سۈننەت ئەللامىسى شەيخ ئىمام مۇھەممەد ناسىر ئەلبانىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). بۇ زاتمۇ مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ۋە مەنپەئەتلىك رىسالىلەرنىڭ ساھىبى بولۇپ، ئۆمرىنى، كېچە-كۈندۈزىنى ھەدىسكە خىزمەت قىلىشقا، ئۇنىڭ سەھىھ، ئاجىزلىرىنى ئايرىش، رىۋايەت قىلغۇچى ۋە رىۋايەت قىلىنغانلارنى تەكشۈرۈشتە ئۆتكۈزگەن. بۇ زات سەلەپلەرنىڭ توغرا يولىنى قېتىرقىنىپ ئىزدەنگەن ۋە شۇ يولدا ماڭغان، ھەم دۇنيانىڭ شەرقي ۋە غەربىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كىرىشىلىرىغان ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

❖ بۇلاردىن يەنە ھاپىز، ئۇسۇلشۇناس (پىرىنسىپال ئىلىم)، تەپسىرشۇناس، لۇغەت ئالىمى ئىمام مۇھەممەد ئەمىين شەنقىيتى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، كاللىسىنىڭ ساپلىقى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقۇرىلىقىدىن دەرىسنى تەييارلىقسىز ئۆتسىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە مەنپەئەت بېرەتتى. شۇڭا ئۆلىمالارمۇ ئۇنىڭدىن ھاڭ-تاڭ قالاتتى. ئۇمۇ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ مىسالى قىلىنىپ كەلتۈرۈلىدىغان زات ئىدى.

■ ■ ■ ■ ■ ■ ■ ■ ■ ■

## ئۈچۈنچى باب

# ئۆزىڭىزنى تونۇڭ

بۇ ، ئاللاھنىڭ سىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتلىرىڭىزنى- مەيلى ئۇ ئىلىم بولسۇن، ئەمەل بولسۇن ۋە ياكى كەسىپ-ھۈنەر بولسۇن، تونۇپ يېتىڭ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ھەربىر ئىنساننىڭ ماڭىدىغان يولى، ئىچىدىغان سۈيى بار. « ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى »[سۈرە بەقەرە]. «ھەر (ئۈممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار»[سۈرە بەقەرە]. ئىنسانلار ھەر تۈرلۈك، ئاقىل كىشىگە ھەق بولغىنى شۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىپ مېڭىشتۇر. ھەر نەرسىگە ئۆزى نىمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئاسانلاشتۇرۇلغان.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھاياتىغا نەزەر سالغان كىشى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئورنىدا ناھايىتى تىرىشىپ، ھەر ئىشنى ياخشى ئورۇنلىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ھەرقانداق غەنىمەتتە كىشىلەرنىڭ ئۈلۈشى بويىچە تارقىتىشقا ئالدىرايتتى. لېكىن ئۇ خىلاپەت ۋە قوماندانلىقتا ئادىللىق، زاھىتلىق، ئىخلاس ۋە راستچىللىق بىلەن مەيدانغا چىققان.

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ئاللاھ ھەققىدە ناھايىتى كۈچلۈك، دۈشمەنلىرىگە قاتتىق، ھۆكۈمدە ئادىل.

ئوسمان(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، ناھايىتى مېھىر- شەپقەتلىك، تەھەججۇت، سەدىقە، ياخشىلىق، ھايا ئىگىسى.

ئەلى(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، شىجائەتلىك، كەسكىن، سۆزمەن، زېرەك فەقىھ.

ئۇبەي قارىيلارنىڭ خوجىسى، مۇئاز ئۆلىمالارنىڭ ئىمامى، خالىد پالۋانلارنىڭ ئۈلگىسى، ئىبنى ئابباس قۇرئان تەرجىمانى، ھەسسان شائىرلارنىڭ تاجى، زەيد ئىبنى سابىت مىراس ئۆلىمالىرىنىڭ كاتتىسى، ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەتچىلەرنىڭ شەيخى، ۋە شۇنىڭدەك باشقا ساھابە كىراملارمۇ بار، ئاللاھ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

مەرىپەت ۋە مەلۇماتلارنى ئۆز ماھارىتىڭىز، تەجرىبىڭىز، بىۋاستە شۇغۇللىنىش ۋە ھاياتقا يۈزلىنىشلىرىڭىز ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈڭ.

كىتابلار ھېكمەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇ ھېكمەتلىكلەرنى، دانالارنى چىقىرىپ بەرمەيدۇ. ھەرتۈرلۈك ئىلىم ۋە پەنلەردە ئالاھىدە بولغانلار مەكتەپ- مەدرىسلەردىلا ئوقۇغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھاياتلىق مەدرىسىسى ۋە ئەمەلىي مەيدانلاردا ئۆگەنگەنلەر.

سىز ئۆزۈڭىزنى ئۆگىتىدىغان كىتاب شۇ پەننىڭ ئاچقۇچلۇق يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ كىتاب سىز ئۆزۈڭىزنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ سىزگە غەرىق بولۇشىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

بۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، ھەقىقىي سۆزگە چۈشۈپ بىۋاستە ئۆگىنىشتۇر.

شۇنىڭدەك، داڭلىق خاتىب (لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرمۇ ھەم) پەقەت خۇتبە-لېكسىيە توغرىسىدىكى كىتاب-ژورناللارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈنلا ماھارەتلىك ۋە ئالاھىدە بولمىغان. بەلكى ئۇ، مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىگەن، خاتالاشقان، توغرىمۇ قىلغان، مەغلۇپ بولغان، ئوڭۇشلۇقمۇ بولغان، كۆپ قېتىم مەشىق ۋە تەييارلىق قىلغان، نىھايەت بۇ ئىقتىدارغا- ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

ھەرقانداق بىر ئىلىم، ئەمەل ۋە ھۈنەر-كەسىپتە كۆزگە كۆرۈنگەندەك نەتىجىگە ئېرىشەي دېسىڭىز شۇ ئىشقا تولۇق چۆكۈڭ، قىيىنچىلىقلىرىدا تاۋلىنىڭ، شۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئىشقىدا كۆيۈڭ. كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى سۆيۈپ قىلغان ئىشلىرىدا تۆرلۈك يوللار چىقىدۇ.

ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەت ماڭا ئالتۇن تاۋاقتا ھەدىيە ئېلىپ كېلىدۇ-دەپ يۈزەكى ئويلاپ قالماڭ. ئەڭ قەبىھ نۇسرەت دۆتلەرنىڭ نۇسرىتىكى، ئۇلاردا نە ساتقانغا چۈشەنچە، نە قازانغانغا ...

لېكىن ھەقىقىي قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەت تىرىشىش، تەر تۆكۈش، مۇشەققەتتىن قاچماسلىق، ھالال قان-تەرىنى ئايىماي تۆكۈش، كېچىنىڭ ئۇيقۇسى، كۈندۈزنىڭ ئارامىدىن كېچىش، قۇربانلىق ۋە پىداكارلىق ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

كىشىلەر بوشاڭلارغا ئىچ ئاغرىتىپ مەرھەمەت قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈشكۈنلۈكنى لىباس قىلغۇچى غەزەپ نىشانىدۇر. خۇددى مەسىلىدە

كەلگىنىدەك: <يىقىلغان تۆگە پىچاقنى كۆپ يەيدۇ>. كىشىلەر غالىپ مۇۋەپپەقىيەتچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئەگەر سىز ھەقىقەتچى ئالىم ياكى ئالىيجاناب كىشى بولسىڭىز ۋە ياكى سېخىي باي ياكى ياخشى تەسىرگە ئىگە كىشى بولسىڭىز ۋە ياكى ئىسلاھاتچى بولسىڭىز كىشىلەرنىڭ سىزگە ئېھتىرام ۋە ئەيمىنىش نەزىرىدە قارىغىنىنى بايقايسىز. ئەمما ھاڭۋاقتى، چۈشكۈنلۈككە ئەسىر بولغان مەغلۇبىيەتچى بولسىڭىز، سىزگە قارايدىغان كۆزنىمۇ تاپالمايسىز. چۈنكى ئۇنداق كىشى كۆزگىمۇ چېلىقمايدۇ. زەئىپلەشكۈچىگە خارلىق ئاساندۇر، ئۆلۈككە جاراھەتنىڭ نە ئاغرىقى ...

شۇنىڭ ئۈچۈن نىشانىغا يەتكۈچە مۇشەققەت ۋە ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماڭ! **«ئاللاھ نىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار»**. ھورۇنلۇق، كەيىنىگە سۆرۈش، سۆرەلمىلىك ۋە خىيالپەرەسلىكتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ، چۈنكى بۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانلارنىڭ دەسمىسىدۇر. **«ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى»**.

ئاللاھ تائالا ھەر ئىشتا تىرىشقۇچى، كۈرەش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەكسىچە مەغلۇبىيىتىگە رازى بولۇپ ئولتۇرىدىغان ئاجىزلارنى يامان كۆرىدۇ. پىشانىدىن تەر تۆكۈپ يېگەن نان ئەڭ لەززەتلىك. چارچىغاندىن كېيىنكى ئۇيقۇ ئەڭ راھەت. ئاچلىقتىن كېيىنكى تويغان قورساق ئەڭ ياخشى تويىدۇ. گۈلمۇ ئۆزى ئۈچۈن تەر تۆكۈلمىسە خۇشپۇراق تارقاتمايدۇ، ياغاچ كۆيمىسە ھارارىتى چىقمايدۇ.

تۇرۇپ قالغان سۇ سېسىپ، تەمى ئۆزگىرىدۇ، لېكىن ئۇ ئاققان زامانچە مەنپەئەتلىك ۋە تەملىك بولىدۇ. ئۆگىنىلمىگەن كالۋا ئىنتىنىڭ ئۇۋۇلىغان ئۇۋۇى هارام لېكىن، ئۆگىنىلگەن ئىتنىڭ ئەلۋەتتە هالال. چۈنكى بۇ ئىمتىياز نۇرغۇن تەجرىبە، تەربىيە ۋە ئۆگىنىشتىن كېيىن كەلگەن.

■ ■ ■ ■ ■ ■ ■

## تۆتىنچى باب

# مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ سۈپەتلىرى

- ❖ چېكىنىشنى بىلمەيدىغان ھىممەت، تولۇپ-تاشقان رىغبەت، ئىلىمگە بولغان ئاشىقلىق، ئوتتىن كۈچلۈك قىزغىنلىق، نەتىجىگە ھېرىسمەن بولۇش.
- ❖ ئىلىمنىڭ مېۋىسى مەرىپەت، ئاقىۋەتتى ماختىلىدىغان ياخشى نام، نەتىجىسى يېتەكچىلىكتۇر.
- ❖ ئىلىم ئۆگىنىشتە سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە، بابمۇ-باب تەدرىجى بولۇش.
- ❖ ئەڭ مۇھىم بىلەن باشلاپ، ئاندىن مۇھىمغا ئۆتۈش، شاخچە مەسىلىدىن ئەسلى-پىرىنسىپنى ئىلگىرى قويۇش.
- ❖ ياشلىق ئۈچۈن ياشلىقنىڭ ئاۋالقى ۋاقىتلىرىنى غەنىمەت بىلىش. (ياش چوڭايغاندىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ)
- ❖ ئارتۇقچىلىق-قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم ياخشى بىر پەننى تەخەسسۇس قىلىپ مەلۇمات ئىگەللەش.

- ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىنى تۈرلۈك قىلىش. مەسىلەن: ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇش، پايدىلىنىش كىتابلىرىنى ئوقۇش، دەرسلىكلەرنى ئاڭلاش، مۇزاكىرە قىلىش، تەپەككۇر قىلىش دېگەندەك.
- مەلۇماتلارنى ساقلاش، مەسىلىنىڭ تېگىگە چۆكۈش، ئىلمىلىكتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە كۆپ تەكرارلاش.
- ئىجادچانلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا كۆڭۈل بۆلۈش، قارىغۇلارچە تەقلىدچىلىك، ئورۇنسىز ھىكايىكەشلىكنى تاشلاش.
- زامان ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن ئورۇنسىز ئىشلارنى سۆرەپ، نەزەر سېلىپ يۈرمەستىن، يېڭى ۋە پايدىلىق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن باشقا پەنلەر ئەتراپىدىمۇ ئايلىنىش.
- ئۆزى ئۆگەنگەن پەندە نەتىجە قالدۇرۇش، ئەسەر يېزىشتا، ئۆگىتىش ۋە ھەر ۋاقىت تەكرار قىلىشتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش.
- ئۆگەنگەن ئىلىمغا ئەمەل قىلىش، چۈنكى بۇ ئەڭ يادرولۇق نوقتا ۋە دەسمىدۇر.

## بەشىنچى باب

# نەتىجىلىك ئالىمنىڭ ئالامەتلىرى

- ❖ ئۆگىنىشكە ئىشتىياق ۋە قىزىقىش بولۇش، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، ئىلىم بىلەن ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.
- ❖ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئەتراپىدىكىلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، ئىلىمنى يوشۇرماي تارقىتىش.
- ❖ ئەرزىيەتكە سەبىر قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھەرخىل مۇئامىلىلىرىنى ئۆز يولىدا كۆتۈرۈش، كەمتەر بولۇش.
- ❖ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكىنى تەلەپ قىلىش بىلەن دۇنيالىقتا بىرىلمەسلىك، پانىينى قويۇپ، باقىينى تەلەپ قىلىش.
- ❖ ئەسەر يېزىش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن ھىممىتى ئۈستۈن بولۇش.
- ❖ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خاراكتېرلىك بولۇش، تەبىئىتىنى ھەرقانداق رەسۋالىقلاردىن ساغلام تۇتۇش.
- ❖ قارىغۇلارچە تەقلىدچىلىكنى تاشلاش، كىتاب ۋە سۈننەتتەك دەلىللەرگە تايىنىش.

- ھەقىقەتلەرگە چۆكۈش، شەرىئەت مەقسەتلىرىنى ۋە سىرلىرىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئىلمىيلىكتە پۇختا بولۇش.

- ھەقنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشىش، توغرا مەرىپەت ھەققىدە تىرىشچانلىقىنى سەرىپ قىلىش.

- ئاز ئۇچرايدىغان غەيرى سۆزلەردىن، توقۇلما ھەدىس ۋە يالغان نەقىللەردىن يىراق بولۇش.

- رىئاللىقنى، زامانىنى، ئەتراپىدا بولىۋاتقان ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان ئىش-ھادىسىلەرنى بىلىش-چۈشىنىش.

■ ■ ■ ■ ■

## ئالتىنچى باب

# ئالللاھقا چاقىرغۇچى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى

- ھەقىقىي دەۋەتچىنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى، مۇستەھكەم ئىلمى ۋە رەببىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇشى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، دۆت كىشى ئەخمەق، بىلىمسىز كىشى قارىغۇ، ئەخلاقسىز-پاجىر كىشى تاشلاندۇق بولىدۇ.
- دائىم ئۆگىنىپ تۇرۇش، مەنپەئەتكە ھېرىسمەن بولۇش، ۋاقىتنى مۇھاپىزەت قىلىپ قەدىرلەش، مۇھىم ئىشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش.
- كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، ئۆزى ھەم ئورۇنلاش. يامانلىقتىن توسۇش، ئۆزى بەكرەك يىراق بولۇش. دېگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەۋۋىلى بولۇش. سۆزىنى ھەرىكىتىدە ئىپادىلەش. ئىچى-تېشىنى ئورتاق ئىسلاھ قىلىش.

- كىشىلەرگە مېھرىبان بولۇش، قېيىنلاشتۇرغۇچى ئەمەس، ئاسانلاشتۇرغۇچى، قاچۇرغۇچى ئەمەس، خۇش بىشارەت بەرگۈچى بولۇش. كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان ئەمەس، ئۇلارنى جەلىپ قىلىدىغان ئەخلاققا ئىگە بولۇش.

❖ سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەشكە تېگىشلىك ھېكمەتتى بولۇش، توغرىنى ئىزدەش، ئەڭ ئىشەنچلىكنى قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەڭ توغرا يولدا مېڭىش.

❖ دەۋەت-ئىسلاھاتلىرىدا تەدرىجىلىكنى تۇتقۇچ بولۇش، مۇشكۇلاتلارنى بىرمۇ بىر مەسىلە سۈپىتىدە ھەل قىلىش.

❖ دۇنيالىقتا ئۆزىنى ئۇرماي ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكىگە قىززىقىش، زورىغا قىلىنغان مەدھىيە-سانالاردىن، زىمىندىكى ئۇلۇغلۇقنى كۆزلەشتىن يىراق قېچىش، پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەش.

❖ قۇرئان-سۈننەتكە چىڭ ئېسىلغان، بىدئەتتىن يىراق تۇرغان بولۇش، كەڭ قورساق-مۇلايىم، ھاياتى تويلىغان بولۇش.

❖ كىشىلەرگە ئەرزىيەت بەرمەيدىغان، باشقىلارغا ئۇلارنىڭ تەبىقە-تۈرلىرى بويىچە پەرقلىق مۇئامىلىدە بولمايدىغان، مەسخىرە قىلىشتىن يىراق، سۆزى شېرىن، قەلبى پاك، مەرت-سېخي بولۇش.

■ ■ ■ ■ ■

## يەتتىنچى باب

# ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇپتىنىڭ بەلگىلىرى ۋە ئەخلاقى

- دىگىنىنى ئەملىيلەشتۈرىدىغان، بەرگەن جاۋابلىرىدا قاتتىق ئىزدىنىدىغان، پەتىۋاسىدا تەقۋالىق قىلىپ، رەببىدىن قورقىدىغان بولۇش.

- غېمى، كىشىلەردىن بۇرۇن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، پەتىۋاسىدا ساپ نىيەت، ئاللاھقا ئىخلاس، ئىچى-تېشىدا ساداقەت، راستچىل بولۇشتۇر.

- دەلىلگە تايىنىش، ئىسپاتنى چىڭ تۇتۇش، كۈچلۈك ھۆججەت بىلەن قالقانلىنىش، تەقلىدچىلىك، نادىر سۆز ۋە غەرىب مەسىلىلەردىن يىراق تۇرۇش.

- سۆزلەرنى ئەھۋاللارغا يارىشا، پەتىۋانى رىئاللىققا ئۇيغۇن بېرىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى، شارائىتلىرىنى ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى تولۇق بىلىش.

- **ھۆرمەتكە سازاۋەر، تەقۋادار مۇپتى سورىغۇچىنى ئورۇنسىز كۆپ سۆزلەر بىلەن گاڭگىرىتىپ- قايمۇقتۇرۇپ قويماي، پەقەت سوئالغا ۋە سوئالنىڭ ئورۇنغا يارىشا توغرا جاۋابنى ئەمىلىيلەشتۈردۇ.**

- **سوئالنى ئېنىقلاپ، توغرا جاۋابتا بولىدۇ. بىلمەيدىغان ئىشنى- بىلمەيمەن- دەيدۇ، چۈنكى بىلمىگىنىنى ئىقرار قىلىش يېرىم ئىلىمدۇر.**

- **ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىگە ھەربىرىنىڭ دەلىللىرى بىلەن بىرگە خەۋەردار بولۇپ، كۆڭلۈكنى ئاجىزدىن، توغرىنى خاتادىن ئايرىيدۇ.**

- **ئەسەر-رىۋايەتلەرنىڭ سەھىھ ۋە زەئىپلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دائىم ئىزدىنىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، كۆپلەپ ئىلىم ئېلىپ تۇرىدۇ.**

■ ■ ■ ■ ■

**قىسقىچە ئىزاھات:**

**ۋاقتىمىنىڭ قىسلىقى ۋە سەۋىيەمنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلى ئاخىرقى ئۈچ باب ۋە شېئىر-نەزمە بۆلىكى قىسقارتىلدى.**

**2017-2-26**